مۇھەممەد ئىمىن ھەزرەت

# مېنىڭ ئاشقىم

مىللەتلەر نەشرىياتى

مۇھەممەد ئىمىن ھەزرەت

# مېنىڭ ئاشىقىم...

ئىدىقۇت ئۇيغۇر نەشرىياتى

مۇھەممەد ئىمىن ھەزرەت

# مېنىڭ ئاشقىم...

ئىدىقۇت ئۇيغۇر نەشرىياتى نەشر قىلدى
2004 - يىل 10 - ئاي

# مۇندەرىجە


شەھىتلەر روھىغا قەرزىم بار مېنىڭ........... 1

كەچۈر ئان........................ 3

سەھەر تۇيغۇسى..................... 7

يامان كۆز تىكمەڭلار موھتاج ئايالغا........... 10

مىڭ قېتىم تۇغۇلسام ئۇيغۇر بولىمەن........... 12

بىزنىڭ بۇ يۇرت ئەبەدىلئەبەت............... 13

ئەۋلادلىرىم ئۆتكەن كۈندىن ئىبرەت ئېلىڭلار...... 19

داھى ۋە بىز...................... 24

جۇمە تەسراتى...................... 26

يىراق يۇرتلاردا سۆھبەت ................ 28

ئەنە شۇ چاغ زەپەر سېنىڭ ............... 29

پۇلنىڭ كۈچى ..................... 30

بەزىلەر بار پاشا مىسالى ................ 32

ئويلا سودىگەر ..................... 33

ئۆزۈڭلارغا ھۆرمەت قىلىڭلار .............. 42

بېرىپ تۇرماق ..................... 44

ئىنسان نېمىشكە. . . .................. 45

شۇدۇر بىزنى ئاللاھ ئۇرغىنى ............. 47

ئەمدى ......................... 48

روھىمىزغا قايتىپ بارايلى ............... 49

كۈن كېلىدۇ... .................... 50

ۋىجدانىڭلار بىباھا ئۇرۇق .... ........... 55

ئاللاھىم: ....................... 56

ھېيتكار گۇۋاچى .................... 58

بەلكى ئەتە بولىدۇ زەپەر ................ 63

ئايرىلدىم سەندىن .................. 64

زەبىتىم... ........................ 66
«بولمايدۇ» نىڭ مەنىسى بۈيۈك ........................ 68
بىر كۈنى سەن بىلەن قۇچاقلىشىدۇ ........................ 70
ئاللاھنىڭ ھېكمىتى جىلۋىلىنىدۇ ........................ 71
ساختا مۇجاھىتقا مەسلىھەت ........................ 73
ھېچكىم پوستا مۇگدەپ قالمىسۇن ........................ 74
ئېسىڭدە تۇت ئاپتاپپەرەسلەر ........................ 75
ئوغلاقنىڭ سۇنى بۇلغىشى ........................ 77
مەجھۇل تۈيغۇلار ........................ 78
نەسىھەتگوي شائىركەن دېمەك ........................ 80
تۇرغۇن ئالماسنىڭ ۋاپاتىغا ........................ 82
بۇ يولدا ياشىدىم، بۇ يولدا ئۆلەي ........................ 84
ۋە لېكىن... ........................ 88
ئازادلىق مارشى ........................ 90
مەن سەندىن سېنى سورۇدۇم ........................ 92
مۇھەببەتنى سورىغانلارغا ........................ 94
كۆڭلۈم ........................ 95
قىزارغان گىردە... ........................ 96
ئاللاھ بېرەر بەلكى بىزدە يوقنى ئىستىسەك ........................ 101
تۇرۇڭلار! ئەي، مىغىلدىغانلار ........................ 103
قىزارسۇن ........................ 105
كېلىدۇ ........................ 106
يېڭى بىر دۇنيا تۇغۇلۇۋاتىدۇ ........................ 108
بوۋاق ئەمەس بايراقتۇر ئۇلار ........................ 110
سىزنىڭ ........................ 112
ئەگەر شۇنداق ياشاۋەرسەك ........................ 114
مۇسۇلمان بۇ ئايەتنى بىر بىلسە ئىدى ........................ 115
ھەممە يوقىلار، يوقالماس ئاللاھ ........................ 117
تىل ۋە ۋەتەن ........................ 118

ۋەتىنىم سېنىڭ ئۈچۈن، بىزنىڭ ئۈچۈن ............ 119
راست ۋە يالغان ........................ 120
قانداق ئىسىم ئۇيغۇن ئۇلارغا؟ ................. 122
ۋەتەن ئۈچۈن ............ ............ 125
بەلكى ........................ 127
ھېسابنى ئالمىز باشتىن ............... 128
مېنىڭ ئاشىقىم ........................ 130
كىچىككەن مۇھەببەت ................... 133

# شەھىتلەر روھىغا قەرزىم بار مېنىڭ

ئەۋلادمەن ۋەتەنىنىڭ ھەققىنى بەردىم،
زۇلۇمنى لەنەتلەپ، قەلەم سايرىتىپ.
بىلمىدىم، چىچاڭشىپ چىقتىڭىز ئەجەپ،
خىتايدىن بەتەررەك ئۇغا قايىنتىپ.

مەن سىزنى جۇڭگوغا بارماڭ دېدىممۇ،
نېمە ھەققىڭىز بار يازما، دېيىشكە.
ئاڭلىسام كونسۇللار خاپا بولۇپتۇ،
توسالغۇ بوپتىمەن ۋىزا بېرىشكە.

ئېسىت، تېخى سىزنىڭ ئۇيغۇرلىقىڭىز،
سىز يېگەن گەندىنى ھەتتا ئىت يېمەس.
مەن ئۇچۇن خىتايدىن ئەپۇ سوراپسىز،
ئۇيغۇرسىز بولسىڭىز مەن ئۇيغۇر ئەمەس.

ياخشىسى مېنىڭدىن ئۇزاق تۇرۇشۇڭ،
زۇلۇمنى يازاي دەپ كەلدىم بۇ يەرگە.
مەن كەلدىم، يىگىتلەر ۋەتەندە قالدى،
مىليونلار ھېچ پەسەنت قىلماي ئۆلۈمگە.

ھېسابنى ئاللاھقا قىلدىم ھاۋالە،
سىز بىلەن ئىشىم يوق، بىلگەننى قىلىڭ.
ۋەتەنىنىڭ ھەر يېرى شەھىد قەبرىسى،
شەھىدلەر روھىغا قەرزىم بار مېنىڭ.

## کەچۈر ئانا

مەرھۇم ئانام مەستۇرە خانىمنىڭ ۋاپاتىغا بېغىشلايمەن.

«تەلمۈردۈم، تەلمۈردۈم، ئاسانمۇ ماڭا،
ھايات كۈنلىرىمدە كەلمىدىڭ، ھەجەپ.
ئاھ ئوغلۇم!...» - دېدىڭ ۋە سۆزلىيەلمىدىڭ،
تېلېفون توررۇپكىسىنى تۇتۇپ، ئېسەدەپ.

تالانغان دىيارنىڭ، ئېزىلگەن ئەلنىڭ،
دەردىنى دۇنياغا ئاڭلاتماق ئۈچۈن:
كۈرەشكەن سەپلەردە مەنمۇ بار ئىدىم،
شەھىدلەر نامۇسىنى ئاقلىماق ئۈچۈن.

دۈشمەن ھىلىسىنى بىلىسەن، ئانا،
ئۇلار: «سەن بىلەن دوس بولساق» دېدى.
مەخستى - ھۆر دۇنيانى لەرزىگە سالغان،
قەلبىم ئىسيانىنى تۇزدۇرماق ئىدى.

ھوجرامدا يىغلىدىم.
ماگا ناتونۇش
جامائەت چاقىرىپ قۇرئان ئوقۇتتۇم.
كەچۈرگىن، جان ئانا، كەچۈرگىن مېنى،
پىنھانە ياش تۆكتۈم،
ئۆكسۈپ، بوغۇلدۇم...
گەر ھازا ئاچقۇزسام يۇرتدا شلار ئارا،
بىرەرسى خىتايغا خەۋەر بېرەتتى.
«كېلەلمىدىڭغۇ ۋىزا سوراپ» - دەپ،
ۋاك، جاگلار سۆيۈنۈپ كۈلۈپ كېتەتتى.

ۋافاتىڭ سىر بولۇپ قالدى قەلبىمدە،
ئاردىن ئىككى يىل ئۆتۈپتۇ مانا،
جىنازاڭ بېشىدا مەن يوققۇ ... دېسەم،
تىرنايدۇ ئىچىمنى بىر ھەسرەت، ئانا!

شۇ ئۇلۇغ رامزان كېچىسى سېنى،
چۈشۈمدە كۆردىمۇ، رەنجىدىڭ يەنە:
«مەن ئۆلۈپ كەتكەندە كېلىسەن، ئوغلۇم،
مەن سېنى كۆرمىسەم، پايدىسى نېمە؟ ...».

ھىلىلەر ئاقمىدى.
كونسۇل ئەپەندى
ئىستانبۇل شەھرىدە دەرغەزەپ ئىدى.
«ئانىسى ئۆلسىمۇ يۇرتىغا ئەمدى،
كىرىشكە ھېچ ئىمكان بەرمەيمىز» دېدى.

«يات - غەيرى بىراۋدىن ئۆز ۋەتىنىمگە،
رۇخسەت سوراپ كىرمەيمەن» - دېدىم.
غەربتە «ئۈستى ئوچۇق تۈرمە» ئاتالغان
يۇرتۇمنى بېزىشتا جەڭگاھتا ئىدىم.

دۇنيادا يۇرتىنى تارتقۇزۇپ قويغان،
ۋەتەنسىزلەر - ئىنسان سانالمايدىكەن.
قۇياشسىز، ھاۋاسىز ياشايمەن، ئەمما،
بۇ ھايات ۋەتەنسىز ياشالمايدىكەن.
ئاي ئۆتتى،
يىل ئۆتتى،
قايغۇلۇق خەۋەر،
ئاڭلىدىم جان، ئانا، مەرھۇم - ئەزىزىم،
بېلىمگە ئاق باغلاپ، ئاچمىدىم ھازا،
نە ئۇيغۇر دوسلارغا نەزىر بەرمىدىم.

## سەھەر تۇيغۇسى

دېڭىزدىن يۇكسەلدى قۇياش يۈيۈنۈپ،
سۇ يۈزى رەڭگارەڭ مەرۋايىت كەبى.
ساھىلدا كېزىدۇ غەمسىز كىشىلەر،
باللار ئوينايدۇ ئۈماق ۋە سەبى.

دېڭىزدىن ئېسىدۇ سەھەر شامىلى،
نەم ھىدى تازا ۋە يۈرەككە داۋا.
چۆمدۈردى رومانتىك تۇيغۇغا بىر پەس،
بۇ گۈزەل مەنزىرە، بۇ گۈزەل ھاۋا.

ئۈركۈشۈپ يۈكسىلەر بېلىقچى قۇشلار،
موتۇرلۇق قېيىقلار ئۈزۈپ كېلىدۇ.
تۈنۈگۈن كەچقۇرۇن يايغان تورلارنى،
بېلىقچى ئۇستىلار يىغىپ كېلىدۇ.

بىردىنلا كۆرۈندى ساھىل ساقچىسى،
«بۇ يەردە ئوۋ ئوۋلاش مەنئى» دېدىلەر.
بېلىقنى دېڭىزغا تۆكتۈردى ئەما،
بېلىقنىڭ بەزىسى نىمجان ئىدىلەر.

رەنجىمە جان، ئانا، بىلىسەن ئۆزۈڭ،
دادامنىڭ قانداق شەھىد بولغانلىقىنى.
ئۇ ئۆلۈم ئالدىدا«داۋامىم سەن» دەپ،
ماڭا كالۇمىسىرەپ باققانلىقىنى.

*          *

غەم قىلما، بىر كۈنى قەۋرەڭدە سېنىڭ
ئاي، يۇلتۇز چېكىلگەن بايراق بولىدۇ.
ئاشۇ چاغ روھىڭ شات كۈلىدۇ،
چۈنكى:
بايراقتىن ئوغلۇڭنىڭ ھىدى كېلىدۇ.

ئەي، هايۋان ھەقىنى قوغدىغۇچىلار،
ئاڭلا! ئەي، ئىنسانلار – مەدەنىي ئەپكار؛
تارىختىن ئۆچسە گەر ئۇيغۇر دېگەن نام،
بۇنىڭغا گۇناھكار دۇنيا جاۋابكار.

تىپىرلار بېلىقلار، شۇركەندى قەلبىم،
باشقا بىر ئوۋۇچىغا باغلاندى ئەقلىم.
بېلىقلار ئۆلۈمدىن قۇتۇلدى، لېكىن
جانلاندى كۆزۈمدە تۇردىكى خەلقىم.

ۋەتىنىم دېڭىزدۇر، مىللىتىم بېلىق،
ئويلىدىم، ۋۇجۇدۇم تەرگە چۆمۈلدى
ئۈگۈممۇ، چۈشۈممۇ بىلمىدىم، دېڭىز –
قىزارغان پايانسىز قاندەك كۆرۈندى.

يىغلىپ، يىغلىپ كەلگەنچە تورلار،
مىللىتىم بېلىقتەك تىپىرلىشىدۇ.
يەر يۈزى ئۇخلايدۇ، نەسلىمگە ھەر كۈن،
توپ - يەكۈن ئۆلۈملەر يېقىنلىشىدۇ.

* *

نەدىسەن دۇنيانىڭ ھەق – ئادالىتى،
بېلىق ھەققىچىلىك ھەق بەر بىز ئۈچۈن.
چەكلەنمىسە ئەگەر ئىنسان ئاۋچىسى،
نەسلىمىز يوقۇلۇپ تۈگەيدۇ پۈتۈن.

چاپچال تۈرمىسىدە ئېرى بار ئۇنىڭ،
سىلەردەك مىڭ ئەرگە تىگىشمەيدىغان.
بىر ئۆزى قارايدۇ ئىككى بالىغا،
سىرى بار سىلەرگە ئېيتالمايدىغان.

تۇرمۇشتا دەردى كۆپ، قەلبىدە ئازاب،
ھېچكىمگە كۆز يېشى تۆكمىدىغۇ ئۇ.
يامان كۆز تىكمەڭلار موھتاج ئايالغا.
ئاياللار ئىچىدە پەرىشتىغۇ ئۇ.

## يامان كۆز تىكمەڭلار موھتاج ئايالغا

•

تەشتەپكە ئىسىملىك بازار ئالدىدا،
بىر ئايال قولياغلىق، پايپاق ساتىدۇ.
بەزى بىر يىگىتلەر مال كۆرگەن بولۇپ،
ياش چوكان يېنىدا ئەگىپ قالىدۇ.

بۈگۈنمۇ بازاردا كۆردۈم بۇ ھال،
بەزىلەر ئايالغا پوخور قارايدۇ.
سەزمەيدۇ بۇنى ئۇ، مەشغۇلاتى بار،
خېرىدار تاللىغان مالنى سانايدۇ.

بۇ يەردە كۆرۈنگەن مەنزىرەلەرگە،
شاھىت مەن، ئۇزاقتىن قاراپ تۇرىمەن.
ئۇ ئازغان ياشلارنى ئاگاھلاندۇرۇش،
مۇقەددەس ۋەزىپەم بىلىپ تۇرىمەن.

ئەي دوستلار سورايمەن، ئۆز ئاناڭلارغا،
ئۇ يامان نىيەتتە باقالامسىلەر؟
ۋە ياكى بىر تۇققان سىڭلىڭلار ئۈچۈن،
پوخورلۇق ئويدا بولالامسىلەر؟

## بىزنىڭ بۇ يۇرت ئەبەدىلئەبەت

ئەي بىيىجىڭنىڭ تارىخچىلىرى،
«شىنجاڭ ئەزەلدىن بىزنىڭكى» دەيسەن.
«ئەزەلدىنلا» نىمە دىگەن گەپ،
مەنىسىنى بىلەمدىغانسەن.

يەر شارى مەۋجۇت بولمىغان
چاغدا «شىنجاڭ» سىلەرنىڭمىدى؟
ئىنسانىيەت تۇرەلمىگەندە،
بوشلۇقلاردا خەنزۇ بارمىدى؟

نىمە دىگەن يۈزى قېلىنلىق،
بىر ئاز مەنتىق بىلسىيدى كاشكى.
مازاق قىلماي بىلىم دىگەننى،
بىر ئاز كۆزگە ئىلسىيدى كاشكى.

«شىنجاڭ» دىگەن خەنزۇچە سۆزغۇ،
ئۇيغۇرچىسى «يېڭى چېگرا»
لەت بولسەن مەنتىق ئالدىدا،
ئۆز يۈزۈڭگە چاپلايسەن قارا.

## مىڭ قېتىم تۇغۇلسام ئۇيغۇر بولىمەن

ئەجەپمۇ ئۇپرىدىڭ ئىزىز مىللىتىم،
دېگىنىڭ دۈشمىنى تىك قىيا تاشتەك.
ئۈيىگدە باغلاندىڭ، ئەسىرسەن شۇئان،
بۇرنۇگدا قان ھىدى، بېشىگدا كالتەك.

ئۇستۈگگە يۆكلەنگەن بۇ ئېغىر يۈكلەر،
كۈچۈگدىن مىڭ ھەسسە ئارتۇق كېلىدۇ.
سەن قانداق چىدايسەن، بۇ بىر مۆجىزە،
ساڭا مىڭ ئاپىرىن ئازلىق قىلىدۇ.

تومۇرۇڭ كېسىلدى، دۇنيا خەۋەرسىز،
دۈشمىنىڭ دەيدۇ، بۇ ئەبەدى زەپەر.
قۇلايمۇ روھىڭنى بويسۇندۇرمىغى،
قان ئاقار ئاخىرقى تامچىغا قەدەر.

مىللىتىم سېنىگدىن غۇرۇرلىنىمەن،
سەن ئۈچۈن جان بەرسەم ھۇزۇرلىنىمەن.
مىڭ ئۆلۈپ، مىڭ قېتىم تۇغۇلسام قايتا،
سېنىگدەك تىز پۈكمەس ئۇيغۇر بولىمەن.

بېشىڭلارغا كەلسە مىسالى؛
جۇڭگونىمۇ چەت ئەللىك ئەزدى.
مىلياردلىغان ئىنسانىنى مەجبۇر
جۇڭگو ئەمەس، «چاينا» دېگۈزدى.

سىلەر سۆكۈت قىلاتتىڭلارمۇ،
روھى بېسىم، ھاقارەتلەرگە.
تاللىمامدۇ ئىنسان ئۆلۈمنى،
بوي ئەككۈچە ئاھانەتلەرگە.

خارلىنىش ۋە مىللى كەمستىش،
تەمى قانداق بىلىسىلەرغۇ!
كۆرمىگەندەك ياپوندىن سىلەر،
بىزنى ھايۋان كۆرىسىلەرغۇ.

ھەق بىزدە — يۇ، قورال سىلەردە،
شۇڭا بىزنى تىڭشىمايسىلەر.
يەرلىرىمىز ئالمىشىپ قالسا. . .
ئۇ كۈنلەرنى ئويلىمايسىلەر.

يۈز يىل بولدى «شىنجاڭ» بولغىلى،
نېمە دەيتتۇق ئۇنىڭدىن ئىلگىرى.
جىڭا، جىڭا، جىڭالىماستىن،
پاكىت قويۇپ ئىپتىمامسەن قېنى؟

«شىنجاڭ»دا «شىن - يېڭى» تۇرۇقلۇق،
«سۇڭلەي» سۆزى قەيەردىن كەلدى.
پەنگە تۆھمەت چاپلاش سىلەرنىڭ،
سىلەرنىڭلا ئەنئەنەڭلەردى.

تۇنجى لۇغەت ياراتقان ئالىم،
يەر يۈزىدە مەھمۇد كاشغەرى.
يۇرتىغا ئات قويالمىغانمۇ،
ئۇ ۋە ئۇنىڭ ئۆز ئەۋلادلىرى.

ئىلمى ئىشقا نېمە كېرەك بار،
بۇنچە بىشەم، زالىم بولۇشقا.
يۇرت ئىسمىنى ئۆز تىلىمىز بىلەن،
ھوقۇقىمىز يوقمۇ ئاتاشقا.

جاللاتلارنىڭ مەقستى ئېنىق،
زۇلۇم بىلەن ئىسيان چىقارتماق.
پۇرسەت ئىزدەپ، تېپىپ باھانە،
نەسلىمىزنى قىرىپ تاشلىماق.

باندىت ئۇلار گۇڭچەنداڭ ئەمەس،
گۇناھ ئىشلەپ قىزارمايدۇ ھېچ.
بالىلىرى يوقمۇ ئۇلارنىڭ،
ئىنسانغا ئىچ ئاغرىتمايدۇ ھېچ.

جۇڭنەنخەينىڭ پىلانلىرى بار،
جۇيداڭگۇينىڭ قەتئىي قارارى.
«مەسىلە»نى تۈپتىن ھەل قىلىش؛
مانجۇر، ئىچكى موڭغۇل مىسالى.

ئۇيلايدىغان پۇرسەت بار تېخى،
ۋىجدانى بار جۇڭگولۇق ئۈچۈن.
بىز جۇڭگودىن ئايرىلالمىساق،
مىللىتىمىز تۈگەيدۇ پۈتۈن.

خىتايدىمۇ بار جۇڭگولۇق ئۇچۇن،
ئىنسان سۆيگەن ئىنسانلار ئۇچۇن؛
بىزنى بۇنداق ھالاك ئەتمەڭلار،
نېفىت، ئالتۇن، ئالماسلار. . . ئۇچۇن.

بېيجىڭ ھوقۇق بەردى، زومىگەر
«شىنجاڭ» دېگىنى قارا قورساقلار.
سانالمايدۇ ئۇلارغا ئىنسان،
ئۇيغۇر، تاجىك، قىرغىز، قازاقلار. . .

قارا ئىشمۇ تەگمەيدۇ بىزگە،
زاۋۇتلاردا ئىشلەيلى دېسەك.
ساپان سۆرەپ ئۆتەمدۇ ھايات،
ئېشەكمۇ بىز ئۇلار دېگەندەك.

بۇرنىمىز تەڭ تېگىدۇ تاشقا،
ئېغىزىمىز كەلدىمۇ ئاشقا.
ئۆز يۇرتىدا بىزدەك خارۇ زار،
خەلق بارمۇ دۇنيادا باشقا.

## ئەۋلادلىرىم ئۆتكەن كۈندىن ئىبرەت ئېلىڭلار

ئۈزۈندە بۇ مۇنقەرىزلىك تارىخىمىزدىن،
بەلكى پاكىت مەدەنىي ئەلنى ئويغا سالدۇ.
ئوقۇغانلار ئېيتىپ بەرسۇن ئوقۇمىغانغا،
جاھالەتتىن كېلەچەككە دەرس قالدۇ.

ئۆز ھالىدا ياشاۋاتقان خەلق ئىدى بۇ،
سەلتەنەتلىك دۆلەت ئىدى يەركەن خانلىقى.
موللىلارغا بانا بولدى مۇقام رەتلىتىش،
مۇدھىش ئىدى پادىشاغا ئىچى تارلىقى.

قوقانلىقلار يەرلىكلەرنى دەيدەيگە سالدى؛
ئاللاھ! دېدى، ئاللاھ! دېدى، شەرىئەت، دېدى.
مۇددىئاسى ئاپپاق غوجا، مۇرىتلىرىنىڭ،
شەرىئەت ۋە پادىشانى ئاغدۇرۇش ئىدى.

كاپىرلارنى ئاپپاق غوجا چىللاپ ئەكەلدى،
قان دەريادا ئاقتىنىنى كۆرگەنمۇ دۇنيا.
ئىپارخاننى سوۋغا قىلدى بېيجىڭ ئەھلىگە،
دىن نامىدا يۇرت ساتقاننى كۆرگەنمۇ دۇنيا.

شۇڭا قەتئىي قارارىمىز بار،
مەقسىتىمىز دۆلەت قۇرۇشتۇر.
جۇڭگو بىلەن دوست قېرىنداش،
دىيار بولۇپ، قوشنا ئۆتۈشتۇر.

ئەقىلىڭلارنى توپلاڭلار باشقا،
رەت قىلماڭلار بىزنى تامامەن.
بۇ يۇرت بىزنىڭ ئەبەدىلئەبەت،
بىزنىڭ پېتى قالىدۇ ۋەتەن.

ياقۇپ بەگنى شەھىد قىلىپ نىياز بەگ دېگەن،
ئەل بولغىلى زوزۇڭتاڭنىڭ ئالدىغا باردى.
ئالتۇن، كۈمۈش ھەدىيەنى ئالدى ئۇزۇن چاچ،
يۇرت تىنجىدى نىياز بەگنى زىندانغا سالدى.

چۈللەر ئارا تاغ ياراتتى ئىنسان سۆڭىكى،
ئۆلتۈرگەنگە يۇرتتا ئادەم تۈگەپ كەتمىدى.
بالا تۇغۇپ يېتىشتۇردى ئۇيغۇر ئانىلار،
خارلانغان ئەل يەنە سەلدەك قوزغۇلۇپ كەتتى.

قانلىرىنى، جانلىرىنى بەردى نەسىللەر،
تا قۇمۇلدىن خوتەنگىچە ئازات بولۇندى.
ئاي يۇلتۇزلۇق بايراق ئۆپتى ۋەتەن ئاسمىنى،
ئەمما دۈشمەن پىتنىسىدىن بىرلىك بۇزۇلدى.

تۇتۇپ سابىت داموللامنى خوجا نىياز ھاجىم،
ئۇرۇمچىدە شىڭ شىسەيگە ھەدىيە ئەتتى.
قەتلى بولدى داموللام ۋە بىر مىليون كىشى،
ھاجىم ئەڭ كەچ ئۆلتۈرۈلدى، ئارماندا كەتتى.

ئىسيان سەلدەك بېسىپ كەلدى يۈز يىلدىن كېيىن،
ھەر شەھەرگە بىردىن بەگلىك بايراق قاداشتى.
ئىماندىن يۇرتۋازلىقى كەلگەچكە غالىپ،
ھەربىر بەگلىك ئۆزلىرىنى دۆلەت ئاتاشتى.

قوقان ئەھلى ياقۇپ بەگلەر قەشقەرگە كەلدى،
شەھەر يېقىپ، ھەربىر بەگنىڭ بېشىنى ئالدى.
بايراقلارنى بىرلەشتۈردى قانىنىڭ بەدىلى،
كەڭ ۋەتەندە مىسلىسىز زور بىرلىك يارالدى.

ياقۇپ بەگنىڭ ئۆمرى ئىسيان باستۇرۇپ ئۆتتى،
چۈنكى تۇنگان، خىتاي، مۇڭغۇل ئىسيان ياراتتى.
شىڭ شىڭشادىن كەشمىرغىچە بەدەۋلەت ئېلى،
بۇ ئۇلۇغ ئەل يەر يۈزىگە شۆھرەت تاراتتى.

ئورۇسلاردىن كەلدى ياردەم، چيەنلۇڭ سۆيۈندى،
زوزۇڭتاڭغا ئەمر بەردى، لەشكەر تۈزۈلدى.
دۈشمەن تېخى ئاياغ باسماي ئۇلۇغ ۋەتەنگە،
ياقۇپ بەگكە ئاسىيلارنىڭ قەستى كۆرۈلدى.

ئارىمىزدىن مەشھۇرلارنى تاللاپ كېلىدۇ،
ئىچى پۇشسا، ئىت ئورنىدا تالاشتۇرىدۇ.
بىر - بىرىنىڭ قېنى بىلەن بۇلغانسا ئاغزى،
خوجايىنلار زوق ئالىدۇ، يايراپ كېتىدۇ.

بۇ پاجىئەنى كۆرۈش بىزگە ئۆلۈمدىن ئېغىر،
قەيەردىكى يولۋاس بولدۇق ئوبدان بىلىڭلار.
يۇرتنى خەقكە تارتقۇزۇشنىڭ جازاسى شۇنداق،
ئەۋلادلىرىم ئۆتكەن كۈندىن ئىبرەت ئېلىڭلار.

ئون يىل كېيىن شاۋقۇنلىدى ئىلى دەرياسى،
ھەر تەرەپتە ئەۋج ئالدى ئىسيان دولقۇنى.
ئاھ، جاھالەت يۈگەن سالدى ئارمىيىمىزگە،
بۆلدى بىزنى موسكۋانىڭ مەلئۇن قوزغۇنى.

ئەڭ ئاخىرقى رەئىسىمىز ئىلىخان تۆرە،
ئەخمەتجاننىڭ قولى بىلەن روسقا بېرىلدى.
بۇ رەت روسنىڭ قولى بىلەن ئەخمەت ئەپەندىم،
يېڭى جۇڭگو قۇرۇلۇشىغا قۇربان ئېتىلدى.

ئاقتى قانلار، ئاقتى قانلار ۋەتەن قىزاردى،
قۇياش قىزىل داغلارنى بۇ ۋەتەندىن ئالدى.
ئىنسان، ھايۋان، تاغۇ دەريا ماتەم ئىلكىدە،
مىللى ئەسكەر قارارگاھى خارابە قالدى.

ئۇندىن بېرى دۈشمەنلەرنىڭ ئىشى بەك قولاي،
ئوينار بىزنى ئەرزىمەس بىر ئويۇنچاق بىلىپ،
ئويناشقاندەك بوينىمىزنى ئۈزۈپ تاشلايدۇ،
چۈشى بۇزۇق قوپقان كۆنى ئاچچىقى كېلىپ.

بىز -
ئۈنىڭ بىلەن ئەجەپ قېرىشتۇق.
ۋاپات ئەتتى، دۇئا ئۇرنىغا،
گۇناھ دېمەي غەيۋەت قىلىشتۇق.
جىنازىنى يۈز مىڭلاپ كىشى
ئېلىپ ماڭسا ھەيران قېلىشتۇق.
ئۈنىڭ بۇنداق بۈيۈكلۈكىنى،
ئۆلگەن چاغدا ئاندىن بىلىشتۇق،
ئەمما، مىليون ئىنسان ئىچىدە،
ئاسى دېگەن ئىنئام ئېلىشتۇق.

# داھى ۋە بىز

بىزدىن داھى چىقسا، دېيىشتۇق،
چىقتى، ئاڭا تەتۇر تۇرۇشتۇق.
داھى بولدى بىزگە پاسىبان،
بىز داھىغا تۆھمەت قىلىشتۇق.
ئەگەر بىر ئاز تەگسە پايدىسى،
ئاڭا سۇلۇك بولۇپ يېپىشتۇق،
ئېھتىياجى چۈشكەندە بىزگە
غايىپ بولدۇق، جىلى قىلىشتۇق.
دۈشمەن بىلەن كۈرەش قىلسا ئۇ،
دۈشمىنىگە خەۋەر بېرىشتۇق.
دوللار كەبى خەجلەپ نامىنى،
ئۆزى بىلەن تۇرماي ئېتىشتۇق.
داھى بىزنى سۆيدى ھەر زامان،
بىز ئۇنىڭدىن نەپرەت ئېتىشتۇق.
تۆكۈش ئۈچۈن ئابرۇيىنى،
شاياتونغا دەرس بېرىشتۇق.
ياشا! دېدۇق ئالدىدا ئۇنىڭ،
ئارقىسىدىن سۆكتۇق، كۈلۈشتۇق.
ئۇ ئۆمرىنى بەردى بىزگە،

ئويلايمەن، ئاھ، كاشكى مۇسۇلمان ئەلنىڭ،
جانلانسا ھاياتى جامى روھىدا.
قۇتۇلسا ساپالەت، پەرىشانلىقتىن،
چوققىدا كۆرۈنسە بەخت بابىدا.

ھېس قىلسام دۇنيانىڭ ئىلگىرىلىشىنى،
رەستىدە زەي سالماي پاختا ئاتمىسام.
باشقىلار ئەرشىدە ئاختۇرسا ھايات،
گۇناھكار كىشىدەك يەرگە باقمىسام.

# جۇمە تەسراتى

ھەر جۇمە قەلبىمدە باشقا ھاياجان،
جامائەت جامىگە سەل بولۇپ ئاقار.
مۆمىنلەر توپلىشار ئەينى نىيەتتە،
باشقىلار ئۇلارغا ھەۋەستە باقار.

سەپلەر تۈز تاناپتەك، ھەر يەردە سۈكۈت،
تۇيۇلماس ھېچكىمنىڭ نەپەس ئالغىنى.
رۇكۇ ۋە سەجدە قىلغاننى كۆرسەڭ،
دەيسەن بۇ ئىلاھى دېڭىز دولقۇنى.

نەپسىدىن ۋاز كەچكەن ھەممە شۇئاندا،
دىللاردا ئاللاھقا يۈكسەك ئېھتىرام.
ئۇنمىغلاپ ئىنسانىنىڭ تەكشى ھەرىكىتى،
بۇ قانداق قوشۇندا بولغان ئىنتىزام؟!

ساۋاپتىن نەسىۋە ئالغان كىشىلەر،
تارقايدۇ نامازدىن قىلىشىپ سالام.
جامىدا ئىمامنىڭ سەللىسى كەبى،
ئۇنتۇلۇپ قالىدۇ بىرلىك، ئىنتىزام.

# ئەنە شۇ چاغ زەپەر سىنىڭ

سىنى كۆتكەن مەشرەپ ئەمەس،
جاپا يۇ — جەبىر.
تەييارلىقىڭ پۇختا بولسۇن،
يۈكلىرىڭ ئېغىر.
قەدەملىرىڭ سابىت بولسۇن،
نامىزىڭ قەسىر.
قارارلىرىڭ قەتئىي بولسۇن،
كۆڭلۈڭدە سەبىر.
تۇيغۇلىرىڭ ئەسكەر بولسۇن،
ئەقلىڭ ئەمىر.
ھەرىكىتىڭدە پىلان بولسۇن،
ئىنتىزام تۆمۈر.
ئەنە شۇ چاغ زەپەر سىنىڭ،
مەنىلىك ئۆمۈر.

# يىراق يۇرتلاردا سۆھبەت

- ئۇزۇن يىللىق دوستلىقىمىزبار،
ساقلىغىنىڭغا زوقۇم كېلىدۇ.
يانچۇقۇڭدا دورا قۇتۇسى،
سىرى نېمە بىلگۈم كېلىدۇ؟!

- قۇتىدىكى ۋەتەن تۇپرىقى،
سىرى ماڭا ئۆمۈر بېرىدۇ.
ئاغرىغاندا ھىدلايمەن ئۇنى،
كېسىلىمگە شىپا بولىدۇ.

سەرمايە بەئەينى پۇتبولنىڭ ئۆزى،
ئۈنىڭدىن ئايرىلماس دۇنيانىڭ كۆزى.
مىڭ كۆرسە قانمايدۇ نۇر جامالىغا،
دۆلەتلەر، شىركەتلەر، پۈتكۈل يەر يۈزى.

بۈگۈنكى دۇنيانىڭ پەلسەپەسى شۇ،
پۇل دېمەك - دۇنيانىڭ تىزگىنى دېمەك.
ئۇ كۈلسە قىتئەلەر ئوينايدۇ ئۇسسۇل،
تۇر! دېسە، ھەرىكەتتىن توختايدۇ پەلەك.

ئەي، خەلقىم ئويغىنىڭ، سىلكىنىڭ تەكرار،
سەرمايە توپلاشقا جاندىن ئىنتىلىڭ.
پۇل دېمەك - يېڭىلمەس قۇدرەت دېمەكتۇر،
كۈچىدىن ئازادلىق تۇغۇلار، بىلىڭ!

# پۇلنىڭ كۈچى

توپلانغان سەرمايە ـ نەخ پۇلنىڭ كۈچى،
مەيداندا ئوينالغان پۇتبول مىسالى.
بۇ يەردە يوق مىللەت، دۆلەت ئايرىمى،
پۇتبولدا ھەر كىمنىڭ پىكىر ـ خىيالى.

مەيدان لىق
توپ بەنت قىلغان ئۆيلەردە،
مىليونلاپ تېلېۋىزور كۆرۈنۈشىنى.
پارتىلىسا ھاياجان، خاتىرلىتىدۇ.
چاقماقلىق ئاسماننىڭ گۈرۈلدىشىنى.

توپ نەدە، ساناقسىز كۆزلەر شۇ يەردە،
توپ دېمەك ـ گوياكى بىر تىلسىم دېمەك.
قەلبلەر تەلپۈنەر ئەينى نۇقتىغا،
ھاياتنىڭ مەركىزى ئىستاد ئۇندەك.

## ئويلا سودىگەر

ماۋ ئۆلۈمى جۇڭگو ئىلىدە،
ئوتتۇز يىللىق مۇزنى ئېرىتتى.
ئاستا - ئاستا تىرىلدى ھايات،
تىجارەتكە ئىمكان بېرىلدى.

«تۇجى دوبا» ئاتالغان ئۇيغۇر،
گوۋاڭجۇدا ماكان تۇتۇشتى.
بەزەن ساقچى ئالدى مېلىنى،
بەزەن ئىشى ئوبدان يۇرۇشتى.

گوۋاڭجۇلۇق قىسقا زاماندا،
تىجارەتنىڭ ئېپىنى ئالدى.
ئۆز ئالدىغا تارتتى سودىنى،
بىزنىڭكىلەر گاڭگىراپ قالدى.

سەكسىنىنچى يىللار ئورتىسى،
ئۇرۇمچىدە جانلاندى سودا.
مال يۇللىماق ئىچكى ئۆلكىدىن،
قولايلاشتى ۋە بولدى مودا.

## بەزلەر بار پاشا مىسالى

پاشا، كۈمۈت ياز ئاخشاملىرى،
سېنى مەشغۇل ئېتىپ تۇردۇ.
قول شىلتىساڭ قاچىدۇ قايتا،
راھەتسىزلىك بېرىپ تۇردۇ.

بەزلەر بار پاشا مىسالى،
ئۆز - ئۆزىچە غىڭشىپ تۇردۇ.
ئىشلەۋاتساڭ زېھنىڭنى قويۇپ،
دىققىتىڭنى بۇزۇپ تۇردۇ.

مەناسى يوق غىڭىلداپ يۈرۈپ،
ساڭا دەخلى قىلماقچى بەلكى.
جان ئىگىسى ساناپ ئۆزىنى،
دىققىتىڭنى چەكمەكچى بەلكى.

قوٗچاق ئاچتى قېرىندىشىغا،
قېرىندىشى ئوٗرتا ئاسىيا.
كەلگەن ماللار سېتىلىپ توٗردى،
پايدا قىلدى بولسىمۇ جاپا.

توٗرموٗش لازىم قېرىنداشقىمۇ،
راستىن پوٗلغا ئېھتىياجى بار.
ئىش ئوٗگەندى يىقىلىپ - قوپوٗپ،
تىجارەتكە بولدى پەمى بار.

قازاق، قىرغىز، ئوٗزبەك قېرىنداش،
كانتەيىزگە قىستاپ كىرىشتى.
پىپاچىدىن ئالدى مىلىنى،
ئوٗروٗمچىدىن ئوٗدوٗل سېلىشتى.

سودا بىرئاز ئاستىلاپ قالدى،
تېرىكمىدى ئوٗيغوٗر قېرىنداش.
نىمىشقىدوٗ يەكلىنىپ قالدى،
زېرىكمىدى ئوٗيغوٗر قېرىنداش.

بىزنىڭ ئۇيغۇر سودىگەرلەرنىڭ،
خۇشاللىقى ئۇزاق بارمىدى.
چىقتى مىڭلاپ پىپاچى تۇڭگىزى،
يەرلەشمىگەن يېرى قالمىدى.

تىجارەتنىڭ پىرى بۇ خەلق،
تىجارەتتىن پايدا ئالمىدى.
پىپاچىنىڭ سېلى باسمىغان،
غۇلجا، قەشقەر، خوتەن قالمىدى.

مەجبۇر قالدى يۇرتتىن چىقىشقا،
توقسىنىنچى يىللار بېشىدا.
كانتىنېرنى تۇتتى دۇكان دەپ،
بالىلىرىنىڭ رىسقى يولىدا.

قىشتا ئاياز كونتەيىز دېگەن،
يازدا ئۇتتەك قىزىپ كېتىدۇ.
ئەمما، كەچتە پۇلنى سانىساڭ،
ھاردۇقلىرىڭ چىقىپ كېتىدۇ.

زىيان تارتقان ئۇيغۇر بۇ يەرگە،
پىپاچىنى باشلاپ كېلىشتى.
پىپاچىدىن نىسى مال ئېلىپ،
ساتارمىز دەپ ئۈمىد قىلىشتى.

شۇ ئۆي بىلەن يۇرتىمىزغىمۇ،
خىتاي باشلاپ ئەكەلمىدۇقمۇ.
قولىمىزدىن كەتكەچكە ۋەتەن،
بۇندا سەرسان يۇرۈشمىدۇقمۇ.

ئاھ، لەنىتى ئۇيغۇرچە ئەقىل،
نېمە دېگەن چولتا، كالتا پەم.
تۇتالمايمەن بەزەن ئۆزۈمنى،
مازلىرىنى چۇگۇماي دېسەم.

پىپاچىلار بىلىپ بازارنى،
ئۇچاق بىلەن ئۇچۇپ كېلىشتى.
ھۆكۈمىتى، بانكىلىرىدىن
كۈچلۈك ياردەم ئېلىپ كېلىشتى. . .

قوللىرىدا خىتاي پاسپورتى،
ئەركىنلىكنە يۇرىيەلمىدى.
تىلىنى تېخى بىلمەيدۇ ئۇلار،
روسچىنى تېز ئۆگىنەلمىدى.

روسچىسى بار ئۇيغۇرلىرىنى،
ئورتاق قىلدى تىجارىتىگە.
(ئۇيغۇر بىلەن ئۇيغۇر قېرىنداش
پايدىسى كۆپ تاپاۋىتىگە).

تېرە، پاختا. . . دېدى بەزىلەر،
كاتتا ـ كاتتا ئىشلار باشلىدى.
پۇلنى توپلاپ كەتتى، ئۇيغۇرنى
ئۇچەي بىلىپ سىرىپ تاشلىدى.

مەرھەمەت يوق مۇساپىرلارغا،
سۆز ساھىبى ئۆينىڭ ئىگىسى.
(ھەر دۆلەتتە بىر ئەل ياشايدۇ،
ئۇ خەلقتۇر ئۇنىڭ ئىگىسى.)

پۇل تۇتقانلار پۇلدىن ئايرىلىپ،
راھەتقىنا يۇرەلمەيدىكەن.
يوقسۇللۇقنىڭ قەھرى كىشىنى،
ھەر بالاغا سۇرۇكلەيدىكەن.

بەزىلەرنىڭ كۇندىن داستان،
ھاياتىدىن رومان پۇتىدۇ.
سەرگەردانىنىڭ ھىجرانلىرىدىن،
ۋەتەنسىزگە دەرس چىقىدۇ.

نۇرغۇنلىرى ھەسرەتلىك تىنىپ،
ئولتۇرىدۇ، ئويلاپ كېتىدۇ.
يۇرتقا بارسا ئىش يوق ئۇلارغا،
كېتەي دېسە نەگە كېتىدۇ.

شەدىن شەگە يۆتكىلىپ يۇرۇپ،
ئۆتۇپ كەتتى يىگىرمە يىلىڭ.
بىر قانىمىدىڭ بالا - چاقاڭغا،
بۇ يوللاردا قالدى ياشلىقىڭ.

ئۇيغۇر دېسە باجچى، ساقچىسى،
تاموژنىچى يولنى توسايدۇ.
ئېلىپ، ئېلىپ تويمايدۇ ئۇلار،
بەرمىگەننى تۇتۇپ سولايدۇ.

تىجارەتتە بەرىكەت قالمىدى،
تاماقتا تەم، تۇرمۇشتا ھۇزۇر.
قالدى كۆپلەر قولىنى چىشلەپ،
ئىچى كاۋاك، كىيىمى پۇزۇر.

سەھنە بولدى ئورتا ئاسىيا،
چىگىش، چىرماش پۈتمەس ھېسابقا.
پۇل تۈپەيلى تۇققانلار ئارا،
كەم بولمايدۇ جېدەل ـ ماجىرا.

ئېتىلىدۇ ئون ـ ئونبەش كىشى،
غالجىر ئىتتەك بىر تال سۆڭەككە.
بۇ رىزالەت كەلمەيدۇ ئېغىر،
ئاچلىق يەتكەن چاڭقاق يۈرەككە.

بولسا سىنىڭ ئازاد دۆلىتىڭ،
ھەر دۆلەتتە ئېتىبارىڭ بار.
بانكاڭ سىنىڭ ئارقا تىرىگىڭ،
چوڭ سۆزلەشكە ئىختىيارىڭ بار.

بۈگۈن سىنىڭ تەلىيىڭ قارا،
ھەممە يۈزلەر تەتۈر قارايدۇ.
تۇققانلارمۇ قىلمايدۇ سالام،
كاسكى ئىتمۇ سىنى تالايدۇ.

مەن بىلىمەن، بېشىڭ قېتىقلىق،
كۆزلىرىڭدىن ھەسرەت مارايدۇ.
سەن شۇ ئاندا نەگە كېتىسەن،
ئەۋلادلىرىڭ قانداق ياشايدۇ؟

ئويلىدىڭمۇ بۇلارنى باشتىن،
بۇ ئىشلارنى ئەقلىڭ ئالمىدى.
ياخشى ئويلا! ئويلاشتىن باشقا،
قىلىدىغان ئىشىڭ قالمىدى.

بايلىقلىرىڭ مەخپىمۇ ياكى،
ئەي، سودىگەر نەدە تاپقىنىڭ.
يا شاگخەيدە قۇردۇڭمۇ بانكا،
ياكى راستمۇ سېنىڭ پاتقىنىڭ؟

ئاچچىقلانما تەنە قىلمىدىم،
مەنمۇ سېنى ئويلاپ كېتىمەن.
كېچىلىرى دۇئالىرىمدا،
ھەممىڭلارنى ساناپ ئۆتىمەن.

سەن پۇشۇرساڭ يەيدۇ باشقىلار،
نېمە ئۈچۈن سېنىڭ ئىشىڭنى.
نېمە ئۈچۈن دەريا قۇرۇيدۇ،
سۇ ئىچكىلى ئەگسەڭ بېشىڭنى.

بۇ ئەسلىدە تەلەيدىن ئەمەس،
يوقلىقىدۇر ئازاد ۋەتەنىنىڭ.
دۇنيا كېزىپ بىلىۋاتىسەن،
مەنىسىنى ھۆرلۈك دېگەنىنىڭ.

خوتۇنلىرى چىشى پادىمۇ؟

ئۆز - ئۆزىنى خار سانايدىغان،
بۇ قانداق گەپ، بۇ قانداق ئەدەپ.
بۇ سۆزۈڭلار ئۇيغۇر خەلقىنى
كەمسىتىشكە بولامدۇ سەۋەب؟

ياڭرىغاندا ئەزان ساداسى،
ھەممىڭلارنى مەسچىتتە كۆردۇم.
«سولامچى» ۋە «مۇسۇلمان» لىقىنىڭ
بىرلىكىنى سىلەردە كۆردۇم.

مەن ھەيرانمەن، ئۇشبۇ ئىپغىزدىن،
قانداق چىقتى ئاللاھ ئايىتى.
بارمۇ بۇنداق «سولامچى»لارنىڭ
ناماز ئوقۇش سالاھىيىتى؟

رەنجىمەڭلار قېرىنداشلىرىم،
تەۋبە قىلىپ ئادەم بولۇڭلار.
ئاللاھ يامان كۆرگەن گۇنا بۇ،
ئۆزۈڭلارغا ھۆرمەت قىلىڭلار!

# ئۆزۈڭلارغا ھۆرمەت قىلىڭلار

بىشكەك، تاشكەنتتىكى ئۇيغۇر بازارلىرىدا، ئۇيغۇرلارنىڭ بىر - بىرىنى «ھەي، سولامچى» دەپ چاقىرىشقانلىرىنى كۆردۈم. نورمال شارائىتتا ئۆز قېرىنداشلىرىمىنىڭ ئاغزىدىن بۇنداق سۆزلەرنىڭ چىقىشىغا ئىشەنمەيمەن. ئەمما ھەقىقەت شۇنداق ئىدى.

تو ۋلايسىلەر بىر - بىرىڭلارغا،
«ئەي، سولامچى بۇ ياققا كەل» دەپ.
ئاڭلىغانلار رەنجىمەيدىكەن،
ئادەت ئىكەن سىلەردە بۇ گەپ.

ھەممىڭلارنى سولامچى بىلسەك،
كىم بولىدۇ ئاياللىرىڭلار.
دادىسىنى قانداق تونۇيدۇ،
ئۆيدە قالغان بالىلىرىڭلار؟

خەلقىمىزنىڭ ئەركەكلىرىدە،
بۇ قەدەر كۆپ «سولامچى» بارمۇ؟
ئۆيلىرىنى ئېغىل سانامدۇ،

## ئىنسان نېمىشكە. . .

ئىنسانىنىڭ ئىچىدىن ئىنسان چىقىدۇ،
ئىنسانلار خىلمۇ خىل يولغا كىرىدۇ.
ئىنسانلار ئىنساننى گۆرگە تىقىدۇ،
ئىنسانلار ئىنساندىن زۇلۇم چېكىدۇ.

ئىنسان بىز، ئىنسانلىق قەدرىمىز قېنى،
تۇغۇلدۇق دۇنياغا ياشىماق ئۈچۈن.
ياشىماق ھەققىمىز نەدە،
كەلمىدۇق.
تۇغۇلغان يەردىلا بوغۇلماق ئۈچۈن.

پەقەت تىل ياكى دىن پەرقى تۈپەيلى،
ئىنسانلار ئىنساننى ئەشيا كۆرەمدۇ.
ئىنسانىنىڭ قەدرىدىن ئىنسان خەۋەرسىز،
ئىنساننى ئىنسانلار خەجلەپ ئۆتەمدۇ.

## بېرىپ تۇرماق

ئۇن تىيىن بېرىپ تۇرۇڭ!
بېرىپ تۇردۇم.
بىر سوم بېرىپ تۇرۇڭ!
بېرىپ تۇردۇم.
ئۇن. . .
ئۇن بەش...
يىگىرمە يىل بېرىپ تۇردۇم.
سەن ھەر قېتىم مېنى كۆرگەندە ئېلىپ تۇردۇڭ.
مەنغۇ ساڭا پۇل بېرىپ تۇردۇم،
سەن ياشلىقىڭنى،
غۇرۇرۇڭنى
كىمگە ۋە نېمىشكە بېرىپ تۇردۇڭ؟

## شۇدۇر بىزنى ئاللاھ ئۇرغىنى

ۋەتەن ئۇچۇن دېدى ئىچىشتى،
مىللەت ئۇچۇن دېدى ئىچىشتى.
ئەركىنلىك ۋە ئازادلىق دېدى،
دېدى، يېدى يەنە ئىچىشتى.

دەرتكە تولغان مەرت يىگىتلەر بۇ،
هاراق ئىچىپ رېكورت قىرىشتى.
مەيلىدىغۇ رېكورت قىرىشسا،
ئىچە ـ ئىچە ئەقلى كېتىشتى.

هەر نەرسىنى يوقىتىپ قويدۇق،
بىرلا ئەقىل بىزدە قالغىنى.
ئۇمۇ قولدىن كېتىپلا قالسا،
شۇدۇر بىزنى ئاللاھ ئۇرغىنى.

هاياتنىڭ لەززىتى، سائادىتى يوق،
ئىنسانلار ئىنساندىن قورقۇپ ئۆتەمدۇ.
قەيەردە ئىنساننىڭ قېرىنداشلىقى،
ئىنساننىڭ قېنىنى ئىنسان ئىچەمدۇ.

دۇنيادا بىرلىكتە ياشاۋاتىمىز،
ئىنساننى يىققانمۇ، يىقىلغانلارمۇ.
يەنىلا بىرلىكتە كۆچۈپ كېتىمىز،
ئىنساننى قىرغانمۇ، قىرىلغانلارمۇ.

* *

ئىنساننىڭ ئىچىدىن ئىنسان چىقىدۇ،
نېمىشكە ئىنساندىن ئىنسان بىقىدۇ.
ئاللاھنىڭ بەندىسى ئىنسان نېمىشكە،
دۇنيانى قۇرۇدۇ، دۇنيا يىقىدۇ؟

## روھىمىزغا قايتىپ بارايلى

تاغ ئىچىدىن ئاۋاز چىقارساق،
كەتكەن ئاۋاز قايتىپ كېلىدۇ.
بىزمۇ شۇنداق ئۆز - ئۆزىمىزگە
قايتىپ كەلسەك نېمە بولىدۇ؟!

ياتلاشتۇردى بىزنى بىزلەردىن،
ئۆزىمىزگە ئۇبدان باقايلى.
بىز بىزلەردىن ئۇزاقلاپ كەتتۇق،
روھىمىزغا قايتىپ بارايلى.

## ئەمدى

يۇرتىنىڭ بۇنچە چوڭ بولۇشى،
كۆپ يېرىنىڭ چۆل بولۇشى.
بايلىقىنىڭ مول بولۇشى،
سانائەتنىڭ نۆل بولۇشى.
ئادىمىنىڭ گول بولۇشى،
بەزىلەرنىڭ سورىمايلا،
ئۆزلۈكىدىن قۇل بولۇشى.
بىزگە مۇشۇ كۈننى بەردى.
پۈتمەيدىغان دەرت ئەكەلدى.
نېمە دەيمىز بۇ قىسمەتكە،
بومبا شۇئان خەلق دەردى.
گېلىمىزدىن نان ئۆتمەيدۇ،
يېسەك پۇشمان يەيمىز ئەمدى.
بىزنىڭ باشقا چارىمىز يوق،
قوزغىلىڭلار دەيمىز ئەمدى.

بۇ كۆرەشلەر قىيىن ـ خەتەرلىك،
دۈشمەن پىلدۇر، بىزلەر چۈمۈلە.
بىز مۇش ئاتساق تۇيمايدۇ دۈشمەن،
دۈشمەن تەپسە يەر ـ كۆك زىلزىلە.

ئەي، دۈستلىرىم كۈلمەڭلار ماڭا،
دۈشمەنگە تەڭ كېلەلەمدۇ دەپ.
ئەگەر پەملىك ـ پىلانلىق بولسا،
سېۋەتتە سۇ توختىتار سەۋەب.

ئاڭلىغانمۇ پىل ۋە چۈمۈلە
مۇجادىلە ئەپسانىسىنى
چۈمۈلىنىڭ پىلنىڭ بۇرنىغا
كىرىۋېلىش ھېكايىسىنى.

مېڭىپ ـ مېڭىپ چۈمۈلە پىلنىڭ
مېڭىسىگە كېلىپ توختىغان.
غىدىقلىغان چۈمۈلە تىنماي،
پىل يېرىدە توختىيالمىغان.

# كۈن كېلىدۇ...

ۋەتەن دېدىم، بۇ يولدا كەتتىم،
ماڭغان يولنى تەرك ئەتمىدىم.
تارتقان جاپا ـ كۈلپەتلىرىم كۆپ،
چارچىساممۇ پەرق ئەتمىدىم.

ئەجەل مېنى پات ـ پات مارايدۇ،
تۈز كەتمەيدۇ ماڭغان يوللىرىم.
«نېمىشكىمۇ ئۇيغۇر بولغانسەن»
دەپ سورايدۇ بەزى دوستلىرىم.

ئۇيغۇرلۇقنى مەن ئىستىمىدىم،
مېنى ئاللاھ ئۇيغۇر ياراتتى.
ئۇيغۇر سۈتى ئەمدۈردى ماڭا،
ئۇيغۇرلارنىڭ سىپىگە قاتتى.

ئۇيغۇرلۇقنىڭ گۇناھلىقىنى
ئاستا ـ ئاستا ئۆستۈم ئۆگەندىم.
ئۇيغۇرلارنىڭ دۈشمەنلىرىگە،
مەنمۇ پىچاق بولۇپ بىلەندىم.

ئىستىگەنگە بېرىدۇ ئاللاھ،
نۇرغۇن ئىستەك رېئال بولدىغۇ.
ئىككى مىڭ يىل ۋەتەنسىز قالغان،
يەھۇدىلار دۆلەت قۇردىغۇ.

ئاسىيادىن ياۋروپاغىچە
قانات يايغان ھونلار قەيەردە.
ياكى روما ئىمپېرىيىسىنىڭ
ئۆزى قېنى، ئىزلىرى نەدە؟

بۈگۈن بىز دەپ كۆرەڭلىگەنىنىڭ،
ئەتىسىنى بىلەلەمسىلەر.
ياپونلارنىڭ كىچىك ئارالدا
قېلىشىنى كۈتەلەمسىلەر؟

قىشتىن كېيىن باھار كېلىدۇ،
تۈندىن كېيىن كۈندۈز بولىدۇ.
تەبىئەتنىڭ ھەقىقىتى بۇ،
ھايات شۇنداق داۋام ئېتىدۇ.

مېڭىسىدە راھەتسىزلىك بار،
كېچىلىرى ئۇخلىيالمىغان.
قوتىرىغان ئورمانلاردا پىل،
ئۇسسۇمىگەن دەرەخ قالمىغان.

ئۇسە - ئۇسە تاغۇ - تاشلارغا،
پىل يىقىلغان ھوشىدىن كېتىپ.
غەلىبە قىلغان چۇمۇلە ئاخىر،
كاتتا پىلنىڭ جېنىنى ئېلىپ. . .

.....................

بۇ بىھۇدە ئۇرۇنۇش ئەمەس،
بىر كۈن بۇنىڭ نەتىجىسى بار.
بىز ئاجىز - يۇ يۇرتىنىڭ ئىگىسى،
بىزدە ۋەتەن ئەقىدىسى بار.

خار قىلىنغان مىليون يۈرەكتە،
يۇرت سۆيگۈسى تەخت قۇردىغۇ.
ھەتتا يايلاق، يېزىلارغىچە،
ئازادلىق! دەپ قەسەم قىلدىغۇ.

# ۋىجدانىڭلار بىباھا ئۇرۇق

ئىپتىخارىم ـ ياش ئەۋلادلىرىم،
ۋىجدانىڭلار ئوخچۇپ تۇرىدۇ.
ۋىجدانىڭلار خەلققە ئىلھام،
ياۋغا قايغۇ بېرىپ تۇرىدۇ.

ۋىجدانىڭلار بەزەن سىلەرگە
زىيان ـ زەخمەت بېرىپ قالىدۇ.
گۈلنى ئۈزسەڭ تىكەنلىرى بار،
گاھى جانغا پېتىپ قالىدۇ.

بىلىسىلەر كېچىدە شاممۇ،
ئۆزى كۆيمەي بەرمەيدۇ يورۇق.
سايدا تاش كۆپ، تېپىلماس گۆھەر،
شۇڭا ۋىجدان ئىگىسى ئۇلۇغ.

كۆپەيتىدۇ زېمىنىمىزدا،
ۋىجدانىڭلار بىباھا ئۇرۇق.
بۇ ۋەتەندە بايرام قىلىمىز،
ئۇرۇق يۇرتنى قاپلىسا تولۇق.

كۈن كېلىدۇ ۋەتىنىمىزنىڭ
تامامىغا ئىگە بولىمىز.
بىزمۇ دۇنيا مىللەتلىرىدەك،
بەخت بىلەن قۇچاقلىشىمىز.

بەلكىدە كەچۈرۈم قىلمىدىڭ،
تارىختا ھېسابسىز خاتاسى.
خارلىقتا ھايۋاندىن پەرقى يوق،
كۆرگىنى خاتانىڭ جاپاسى.

ئاللاھىم، بۇ جاندىن جاق تويدۇق،
بۇ ۋەتەن بىز ئۈچۈن قىيامەت.
ئارزۇيۇم توپ - يەكۈن جىھاتتۇر،
ئەيلىگىن قەۋمىگە ھىدايەت.

قورقۇدىن قەلبىنى ئازاد ئەت،
روھىغا ئاتا قىل شىجائەت.
ياشىساق ئىنساندەك ياشايلى،
ئەلادۇر قۇللۇقتىن شاھادەت.

## ئاللاھىم

ئاللاھىم، ساڭا بىر ئەرزىم بار،
بەلكىدە دۇئايىم ئورۇنسىز.
چارىسىز گۇناھكار قۇلۇڭمەن،
مەسىلە يېشىلمەس سېنىڭسىز.

بىزگە يەر بېرىپسەن بىپايان،
چۆلى كۆپ، سۈيى ئاز، ھوسۇلسىز.
ھاكىمدۇر بۇندا چۆل ئىقلىمى،
بۇ يۈزدىن ۋادىلار ئۈنۈمسىز.

ئىنسانى لايغەزەل، بىغەمرەك،
روھىمۇ زېمىندەك ئۈنۈمسىز.
تەقدىرى نە ھالدا بىلمەيدۇ،
نۇرغۇنى نادان ۋە بىلىمسىز.

ئىچىدىن پادىشاھ چىقارتتىڭ،
باش تارتتى، ئىتائەت ئەتمىدى.
سەن بەرگەن زېمىننى ياشنىتىش
ۋە قوغداش قولىدىن كەلمىدى.

تارتىلىدۇ قويۇق - سۆيۈقلار،
تارتىلىدۇ ھەر خىل كاۋاپلار.
تارتىلىدۇ مېۋە - چىۋىلەر،
پەتنۇسلاردا قەنۇ - ناۋاتلار.

سەنئەت دېسە مۇقام يۇرتى بۇ،
ۋە سامانىڭ ئانا ماكانى.
زىياپەتتە چېلىنغان سازلار،
ئەللەيلەيدۇ يەرۇ - سامانى.

ئىنسانلارنىڭ يۈزىدە كۈلكە،
رەڭدار، گۈزەل كىيىم - قىياپەت.
غەمدىن خالاس قىز ۋە يىگىتلەر،
كۆزلىرىدە بەخت - سائادەت. . .

................

ھېيتكار جامى يان تەرىپىدە،
ئۆيقۇسىغا چۆمگەن كوچىلار.
بىر بۇرجەكتە - قاراڭغۇلۇقتا،
قىمىلدىغان بىر كۆلەڭگە بار.

## ھېيتكار گۇۋاچى

ھېيتكار جامى قەدىمى ئەسەر،
ئۇزاق تارىخ گۇۋاچىسى ئۇ.
ئۆتۈپ تۇرغان ھادىسىلەرگە،
شاھىت بولدى بۈگۈن كېچىمۇ.

قارشىسىدا ئېسىل رېستوران،
توي چىللىقى زىياپىتى بار.
كاشغەرنىڭ ئەڭ مۆتىۋەرلىرى
ۋە ھۆكۈمدار كىشىلىرى بار.

كۆرمىگەنلەر قىياس قىلالماس،
كاشغەردە توي زىياپىتىنى.
ئۇلۇغلايدۇ مىللى ئەنئەنە،
داستىخاننىڭ كارامىتىنى.

مەشھۇر بولغان مەزەلىرى بار،
قاراخانلار زامانلىرىدىن.
مۇمكىن بولسا تېتىپ كۆرسىلەر،
دۇنيا ئەھلى تائاملىرىدىن.

بەزەن كىچە قاراڭغۇلۇقىدا،
كىمدۇر بىر خەت تاشلاپ كېتىدۇ.
خەت ئىچىدىن چىققان پۇللارنى،
بىر - ئىككى ئاي خەجلەپ ئۆتىدۇ.

ھېچكىم ئىشقا ئالمايدۇ ئۇنى،
ئېيتالمايدۇ خەققە سىرىنى.
جەسىدىنى شەھىد ئېرىنىڭ،
بىلەلمەيدۇ نەدىلىكىنى.

ئۇدۇل كەلگەن يەردە تۇنەيدۇ،
يەر سېلىنچا، ئاسمان يېپىنچا.
بۇ مىللەتنى يەر يۇتارمىدۇ،
شەھىد نەسلى ئەسكە ئېلىنسا.

بىز سىلەرنى ئەھلى جامائەت،
توي - زىياپەت قىلما دېمەيمىز.
قىلىڭلارۇ، ئەمما سىلەردىن،
بىر ئاز ئىمان - ئىنساپ تىلەيمىز.

ياش بىر ئايال ئۇستىۋېشى كىر،
بەزى - بەزى مۆكدەپ قالىدۇ.
ئالدىدىكى ئۈچ بالىسىنى،
ئېتىكىدە ئورىۋالىدۇ.

چىرايىدىن ئۆچكەن تۇيغۇلار،
هاياتىدىن بەزگەن هالى بار.
ئانا باقار ئۇماقلىرىغا،
مىشىلدىشىپ ئۇخلار بالىلار.

ئۇلار بىزەك تىلەمچى ئەمەس،
پەيغەمبەرنىڭ ئەتىۋالىرى.
بىر شەهىدنىڭ ئائىلىسى ئۇ،
ئۇ ئالەمنىڭ بەختىيارلىرى.

ئەمما شۇئان كېتەر يېرى يوق،
خەق ئالدىدا ئېتىبارلىرى.
چېكىنىدۇ ئۆيگە ئېلىشتىن،
شەھەردىكى ئەقرىبالىرى.

# بەلكى ئەتە بولىدۇ زەپەر

زىيانلىقتۇر مىللى پوچىلىق،
چۈشكۈنلۈكمۇ ئۈنىڭدىن بەتەر.
پۈتكۈل مىللەت بىلسۇنكى شۇنى،
يوللار قىيىن، دۈشمەنلەر زەھەر.

كۆرگەن سانسىز تەجرىبىمىز بار،
قىسقا ئەمەس بىز ماڭغان سەپەر.
بىز بىلەن تەڭ كېلىۋاتىدۇ،
سايىمىزدەك ئەگىشىپ خەتەر.

ئاشالمايمىز غاردىن، داۋاندىن،
تەندە قۇۋۋەت بولمىسا ئەگەر.
بىز ئويلايلى ئۈزاقنى ئەمما،
بەلكى ئەتە بولىدۇ زەپەر.

*          *

ھېيتىكار جامى قەدىمى ئەسەر،
ھەر ۋەقەنى كۆرۈپ تۇرىدۇ.
ئەسىرلەرچە سۈكۈتتا ئەمما،
ھەق ـ ناھەقنى سېزىپ تۇرىدۇ.

مېنىڭ بەختۇ - سائادىتىم سەن،
ھەقىقىتىم - ئادالىتىم سەن.
ئىپتىخارىم - ئىناۋىتىم سەن،
سۆيە - سۆيە ئايرىلدىم سەندىن.

ئەھدىم يەنە ساڭا كېلىشتۇر،
ھاياتىمنى ساڭا بېرىشتۇر.
سېنىڭ بىلەن مەڭگۈ قېلىشتۇر،
سۆيە - سۆيە ئايرىلدىم سەندىن.

# ئايرىلدىم سەندىن

يۇرە - يۇرە ئايرىلدىم سەندىن،
بىلە - بىلە ئايرىلدىم سەندىن.
كۆيە - كۆيە ئايرىلدىم سەندىن،
سۆيە - سۆيە ئايرىلدىم سەندىن.

تۇنجى سۆيگۈ كۆرگىنىممۇ سەن،
مېنىڭ تۇنجى سۆيگىنىممۇ سەن.
ئاشىق بولۇپ كۆيگىنىممۇ سەن،
سۆيە - سۆيە ئايرىلدىم سەندىن.

ئايرىلىشىم ئۇنۇتۇش ئەمەس،
دەرد - ئەلەمدىن قۇتۇلۇش ئەمەس.
باشقىسىغا يولۇقۇش ئەمەس،
سۆيە - سۆيە ئايرىلدىم سەندىن.

كۆزلىرىمدە سىمالىرىڭ بار،
خاتىرەمدە ئىمالىرىڭ بار.
بوينۇمدا ھەم تۇمارلىرىڭ بار،
سۆيە - سۆيە ئايرىلدىم سەندىن.

شەھىد پۇشتى يېتىم - تۇلىنىڭ دۇئاسى راست قوبۇل بولسا،
دۇئا ئەتتۇق، دۇئا ئەتتۇق... ئىجابەت ئەتمىدىڭ رەببىم.

ئازايدى سانى شۇڭقارنىڭ، خەلق سەرسان، يۈرۈپ قالدى،
يەنە قان دەيدۇ ئەجدەرھا، يولىنى كەسمىدىڭ رەببىم.

ئامانەت ئەتتى بۇ قەۋمىڭ ئۆزىنى بۆرە - يولۋاسقا،
ئۇنى مۆمىن ياراتتىڭ - يۇ، ھىدايەت ئەتمىدىڭ رەببىم.

يىلاننى قوينىدا ساقلاپ ساۋاب ئىزدەر ئېزىز خەلقىم،
ساقاللىق بۇ بوۋاقلارغا ئەقىل بەخشەتمىدىڭ رەببىم.

قۇلۇڭغا تەس، ساڭا مۇتلەق، ئاتا قىل بىزگە نۇسرەتنى،
ئادالەت شەمشىرىنى بىر قېنىدىن چەكمىدىڭ رەببىم.

## رەببىم...

بۇ يۇرت بىزگە دوزاخ بولدى بېقىپ بىر كۈلمىدىڭ رەببىم،
سائادەت تاپمىدى بۇ ئەل ۋە يا يوق ئەتمىدىڭ رەببىم.

تېخى ئون ئالتە ياشتا ئىدىم قېنىمغا بىر كېسەل بەردىڭ،
يېشىم ئاشتى ـ يۇ، ئەللىكتىن چىگىشنى يەشمىدىڭ رەببىم.

قۇلايمۇ بۇ قەدەر يۈكنى يۈدۈپ يۈرمەك بۇ بەندەڭگە،
ھېسابسىز، گاسۇ كور دىلغا نۇرۇڭنى سەپمىدىڭ رەببىم.

ياراتمىشسەن بۇ تۇپراق قوينىدا مىليونلىغان ئۇيغۇر،
ئۇنىڭ ئىشقىنى ھەركىمگە نىچۈن تەڭ بەرمىدىڭ رەببىم.

بېقىپ قان لەيلىتىپ تۇرغان زېمىنغا، تاقىتىم ـ تاقتۇر،
ئۇ قان تۆككەن قارا كۈچنى ياشاتتىڭ، ئەزمىدىڭ رەببىم.

جاھالەتنى سۆكۈپ باقتۇق، قىلىچلار ئوينىتىپ باقتۇق،
ھالاك بولدۇق، شەھىد بولدۇق، زەپەر كۆرسەتمىدىڭ رەببىم.

«بولمايدۇ»نى نوقۇل دەڭلار دېمەيمەن،
ھەر سۆزنى ئورنىدا قوللانغان تۈزۈك.
«بولمايدۇ» ئۇنتۇلغاچ بەدەل بىھساب،
بىزگە «بولمايدۇ» نىڭ مەنىسى بۈيۈك.

# «بولمايدۇ» نىڭ مەنىسى بۈيۈك

ئەي، مەزلۇم مىللەتنىڭ مۆتىۋەرلىرى،
سىلەرگە بىر سۆزنى دېمەي بولمايدۇ.
«بولمايدۇ» ئەپسۇسكى لۇغىتىمىزدا،
بۇ سۆزگە تەكرار كۈچ بەرمەي بولمايدۇ.

«بولمايدۇ» سۆزىنى مەشىق قىلىڭلار،
«بولمايدۇ» نىڭمۇ ئېتىبارى بولسۇن.
«بولمايدۇ» نى بىزگە ئۇنۇتتۇرغانلار،
«بولمايدۇ» كۈچىنى ئېسىگە ئالسۇن.

چۈنكى بۇ ھاياتنىڭ مەنتىقى شۇنداق،
«بولىدۇ» نىڭ يەنە «بولمايدۇ» سى بار.
«بولىدۇ» ئەللىك يىل بەك كۆپ دېيىلدى،
«بولمايدۇ» نىڭ قايتا تىرىلگۈسى بار.

ۋاراقلاپ كۆرۈڭلار كەچمىش تارىخنى،
«بولمايدۇ» كۆپلىگەن داھى ياراتقان.
ئۇلارنىڭ ئىچىدە بىرى ماۋزېدۇڭ،
ئۆزىگە بىر مىليارد ئىنسان قاراتقان.

## ئاللاھنىڭ ھېكمىتى جىلۋىلىنىدۇ

يايغاندا تاۋۇس قۇشى قۇيرىغىنى،
ئىنساننىڭ كۆزىنى قاماشتۇرىدۇ.
غەلىتە ئاۋازدا غىقىلداشلىرى،
ئەپسۇسكى كۆڭۈلگە غەشلىك بېرىدۇ.

بۇلبۇلنىڭ ساداسى يۈرەككە داۋا،
سايرىسا ئىنساننى مەمنۇن ئېتىدۇ.
زوقلىنىپ ئۇنىڭغا باقماقچى بولساڭ،
كۆرگىنىڭ كۆرۈمسىز قۇچقاچ بولىدۇ.

نەقەدەر مۇكەممەل بولغان بولاتتى،
بۇلبۇلنىڭ ساداسى تاۋۇستا بولسا.
ۋە ياكى تاۋۇسنىڭ ئۇ گۈزەللىكى،
ئاشقلار كۈيچىسى بۇلبۇلدا قالسا.

ھەيرانمەن دۇنيانىڭ يارىلىشىغا،
بىرىدە بولغىنى باشقىسىدا يوق.
ھەر شەيئى ئىنساننى ئويغا سالىدۇ،
دېمەككى ئاللاھنىڭ ھېكمىتى ئۇلۇغ.

## بىر كۈنى سەن بىلەن قۇچاقلىشىدۇ

يۈزلىگەن ئىلىم ئەھلى ھەر دۆلەتتە،
ئەڭ ئالىي ئىلمى ئۇنۋان ئېلىپ قالدى.
ۋەتەنگە كېتەي دېسە خىتاي يامان،
ئوقۇشنى پۈتتۈردى - يۇ، تىنەپ قالدى.

بىھاجەت سۇغا، دېڭىز - ئوكيانلار،
تامچىلار دېڭىزلارغا سىڭىپ كەتتى.
ئەسلىدە سۇغا تەشنا تەكلىماكان،
تېخىمۇ سۇسىزلىقتىن قۇرۇپ كەتتى.

يۇرت - ۋەتەن ئۇلارغا، ئۇلار ۋەتەنگە
ئۇزاقتىن ئۆز ئارا تەشنا باقىدۇ.
يۇرت سۆيەر يۈرەكلەر تۇيغۇسىز ئەمەس،
ھىجران ھەسرىتى تولۇپ ئاقىدۇ.

ئۇلار ئۆز خەلقىنىڭ ئارزۇ - ئۈمىدى،
قانداقمۇ يۇرتىدىن يىراقلىشىدۇ.
ۋەتىنىم پەخىرلىك پەرزەنتىڭ ئۇلار،
بىر كۈنى سەن بىلەن قۇچاقلىشىدۇ.

## ساختا مۇجاھىتقا مەسلىھەت

ئاپىرىن ساڭا ئەي «ئۇيغۇر مۇجاھىت»،
قىتئەدىن قىتئەگە قېچىپ يۈرۈپسەن.
«دۇنيادا خىتاي يوق دۆلەت بارمۇ» دەپ،
ھەر كەتكەن يېرىڭدە سوراپ كۆرۈپسەن.

ئەگەر بۇ دۇنيادىن ئەمىن بولمىساڭ،
قاناتلار چىقىرىپ بۇلۇتلارغا قاچ.
ئۇنداق بىر مۆجىزە يارىتالمىساڭ،
ياخشىسى ئادەم يوق قۇتۇپلارغا قاچ.

تېگىگە يېتەلمەس بۇ كارامەتلەر،
ئەقىل ئىگىسىگە دەرس بېرىدۇ.
تەبىئەت قوينىدا ھەر مۆجىزىدىن،
ئاللاھنىڭ ھېكمىتى جىلۋىلىنىدۇ.

## ئېسىڭدە تۇت ئاپتاپپەرەسلەر

بارغان يەردە شىكايىتىڭ شۇ،
«قانداق ئۇيغۇر يارالغاندىمەن»
گەپ باشلايسەن ئۆز مىللىتىڭگە،
پۈتمەيدىغان نەپرىتىڭ بىلەن.

ئەي، تۇز كورلار نامايەندىسى،
ئېيتقىن، ئۆزۈڭ قانچىلىك نېمە؟
ئۇيغۇر ساڭا نېمىلەر بەردى،
سېنىڭ ئاڭا بەرگىنىڭ نېمە؟

بىر چېۋىنسەن مىللەت ئالدىدا،
بار - يوقلىقىڭ بىلىنمەس پەقەت.
خىجىل قىلسا ئۇيغۇرلۇق سېنى،
ئۇيغۇرلۇقتىن دەرھال چىقىپ كەت.

# ھېچكىم پوستا مۆگدەپ قالمىسۇن

جۇڭگو ـ چاڭجياڭ دەرياسى شۇئان،
سۈرئەت بىلەن ئەزىم ئاقىدۇ.
بىر كۈن بەلكى تاشقىن بولىدۇ،
يا ئاپەتتىن قۇرۇپ قالىدۇ.

شۇ چاغ بىزگە پۇرسەت كېلىدۇ،
بىز دوستلارنى كۈتۈۋالىمىز.
تارىخلاردىن بىرى يوقاتقان
مۈلكىمىزنى تېپىۋالىمىز.

بىزگە تەدبىر ۋە سەبىر لازىم،
كۈچ بىھۇدە خوراپ كەتمىسۇن.
بارلىقىمىز ئەتىمىز ئۈچۈن،
ھېچكىم پوستا مۆگدەپ قالمىسۇن.

# ئوغلاقنىڭ سۇنى بۇلغىشى
(مەسەل)

تاغ ئىچىدە خىلۋەت جىلغىدا،
سۇ ئىچكىلى بۆرە كېلىدۇ.
خېلى ئۇزاق تۆۋەن تەرەپتە،
سۇ ئىچكەن بىر ئوغلاق كۆرىدۇ.

قورسىقى ئاچ بۆرىنىڭ بىردىن
ئىشتىھاسى ئەقىل بېرىدۇ.
- ھەي، ھاماقەت سۇنى بۇلغىما،
دەيدۇ بۆرە ئاڭا يۇرىدۇ.

ساددا ئوغلاق سۇ ئىچىۋېتىپ،
- سەن باشتا، مەن ئاياغدا دەيدۇ.
- مېنى تېخى يالغانچى دەمسەن،
دەيدۇ بۆرە ئوغلاقنى يەيدۇ.

شۇ ئەھۋالدا قالدىمۇ ئۇيغۇر،
سەن جېنىڭدا نومۇس قىلغۇدەك.
ئىكەك بولدۇڭ سەنلەر،
سەن بىلەن
ئىكەكلەندى بۇ ئېزىز مىللەت.

دەردى ئازمۇ ئۇيغۇر دېگەننىڭ،
ھەر تەرەپتە ئەجەل تورلىرى.
ئۆز ئىچىدە مۇناپىقلىرى،
تېخى سەندەك تۆھمەتخورلىرى.

ئاسىيانىڭ ھامىسى بولغان،
مۇھەممەدنىڭ ئۇممەتلىرى بۇ.
ئىنسانلارغا ھۆرلۈك ياراتقان،
ئوغۇزخاننىڭ ئەۋلادلىرى بۇ.

ئېسىڭدە تۇت ئاپتاپپەرەسلەر،
ئۇيغۇرغىمۇ قۇياش تۇغىدۇ.
مىللىتىدىن نومۇس قىلغانلار،
نومۇسىغا غەرق بولىدۇ.

باقماي تۇرۇپ تەسلىم بولىمىز،
مىلتىق تۈگۈل كۈسەي تەگلىسە.
دۈشمەن كۆرمەي مەغلۇپ بولىمىز،
زەربە ئۇرۇپ بىر ـ بىرىمىزگە.

ھىدايەت قىل بىزلەرنى يا رەب،
قەلبىمىزگە نۇر ئىگنى تارات.
بىزنى بىزدىن ھىمايە قىلغىن،
ياكى بىزنى قايتىدىن يارات.

# مەجھۇل تۇيغۇلار

ئەي، ئاللاھىم نېمە ئازاب بۇ،
مېنى قىلدىڭ ئۇلاردىن بىرى.
ياراتمىدىڭ ئۇلارنى مەندەك،
ياكى مېنى ئۇلاردىن نېرى.

مەجبۇرلايدۇ ئۆز قەۋمىم مېنى،
ئۆزى بىلەن كوچىلاشقىلى.
بەزىدە قان ئاغزى - بۇرنىمىز،
جان بېرىمىز بەز تالاشقىلى.

ئۆزىمىزنى ماختاشقا كەلسەك،
كۆككە سىغماس بىز ئاتقان پاختا.
يۇرت سۆيۈشتە ئىگە ئەمەسمىز،
ئىت يالاقنى·سۆيگەن ساۋاتقا.

بىزدە دۇنيا چېمپيونى يوق،
چېمپيون بىز ھاماقەتلىكتە.
خەق دۇئاچى بىر - بىرى ئۈچۈن،
بىز ئۆز ئارا تۆھمەتچىلىكتە.

ئۆلچەنمەيدۇ ئىنسان قەدرى،
باي يا يوقسۇل بولۇشى بىلەن.
ئايىغىڭدا دۇنيا تىرىشساڭ،
ياراتقانىڭ قوللىشى بىلەن.

باي دېمەيمەن ئۆزۈمنى ئەمما،
مىسرالاردا بايلىق ياتىدۇ.
قەبرە ئەمەس دىللارغا كۆچمەك،
مىڭ ئۆمۈرگە يېتىپ ئاشىدۇ.

# نەسىھەتكوي شائىركەن دېمەڭ

ئوقۇپ پارچە - رۇبائىلارنى،
نەسىھەتكوي شائىركەن دېمەڭ.
بىر مۇسىبەت مىڭ نەسىھەتتىن،
ئەلا بولۇر دەپتىكەن پەرەڭ.

ئويلىغاننى يازدىم ئەسلىدە،
بەك خوشۇم يوق نەسىھەت بىلەن.
مىسرالارنىڭ تەمىنى تېتىڭ،
بىلگەنگە بال مەرىپەت دېگەن.

يارىلانغان ياشلىق هاياتىم،
دۈشكەلەنگەن ئەزىيەت بىلەن.
دەشنام يېگەچ ناھەقچىلىكتىن،
دوستلۇق قۇرغان ھەقىقەت بىلەن.

كۆرگەنلىرىم چېچىمدىن تولا،
خامان، خامان سەۋدالىرىم بار.
ئەللىك يىللىق هايات دېگىزدىن،
سۈزۈپ ئالغان جەۋھەرلىرىم بار.

سەكراتتا ياتقانغا بىرىلگەن قاندى،
ئۇ «ئۇيغۇر تارىخى» بۈيۈك ئەسىرىڭ.
تارىختىن ساقلانغان تارىخى شاندى،
ئۇ شانغا جان بەرگەن سىنىڭ قەلىمىڭ.

بىر تۇرغۇن ئالماسنى كۆپ كۆردى بىزگە،
قەلەمگە قارشى مىلتىق قاراتتى.
شان - شەرەپ ياغدۇردۇڭ شەرىپىمىزگە،
بىر تۇرغۇن مىڭلىغان ئالماس ياراتتى.

ئاداققى خەتەردىن بىز ئۆتمەكتىمىز،
تۈن قانچە قارايسا يورۇقلۇق يېقىن.
بىزگە تەس ئايرىلماق سىنىڭدەك ئەردىن،
توختىماس سەن بىلەن ئويغانغان ئېقىن.

## تۇرغۇن ئالماسنىڭ ۋاپاتىغا

شەخسنى كۆيلىمەك ئادىتىم ئەمەس،
بۇ ئەھدىم پەقەتلا سەندە بۇزۇلدى.
ئۆمرۈڭدە قىلمىدىڭ شۆھرەتكە ھەۋەس،
شۆھرىتىڭ قىتئەلەر ئارا تونۇلدى.

ئەي، قوتلۇق ۋەتەننىڭ قەھرىمان نەسلى،
يېڭىلگەن مىللەتنىڭ يېڭىلمەس ئوغلى.
ئۈمىدسىز دىللارنىڭ ئەي باھار پەسلى،
ئىگىسىز خەلقىنىڭ ئىگىلمەس ئوغلى.

خەلقىڭنىڭ چىلىسى سېنىڭ ھاياتىڭ،
چەكتىڭ كۆپ مۇشەققەت نالە قىلمىدىڭ.
دۈشمەننى چۆچۈتتى ھەربىر قارارىڭ،
ۋىجدانىغا مۇخالىپ يولغا كىرمىدىڭ.

سۈرگۈنلەر، يەكلەشلەر، تۈرمە - قەپەسلەر،
ئىرادەڭ ئالدىدا بىچارە قالدى.
ئۆلۈمگە يۈزمۇ يۈز كەلگەن نەپەسلەر،
بېشىڭ تىك، بېقىشىڭ نۇرانە قالدى.

ھەقلىق سەن، تەقدىرۇ قىسمەت تۆپەيلى،
ئەڭ گۆزەل شەھەردە ياشاپ تۇرىمەن.
بىراق بۇ ئاللاھتىن بېرىلگەن ئىشىق،
بۇ ئۆتنىڭ ئىچىدە يېنىپ كۆيىمەن.

باقىمەن ئاسماندەك سۈزۈك دېڭىزغا،
ئەكسىدە بىپايان چۆلنى كۆرىمەن.
ماشىنا ئېقىنى ئىچرە يوللىرىم،
ئۆيۈمدا توپىلىق يولدا كېزىمەن.

سارايدەك رېستۇران زىياپىتىدە،
خىلمۇخىل تائامغا كۆزۈم قارايدۇ.
ۋە لېكىن بۇرنۇمغا ئانام پۇشۇرغان
مىزىلىك زاغىرنىڭ ھىدى پۇرايدۇ.

قۇملۇقنىڭ چېتىدە بوستانلىق يېزام،
ئۇ يەردە خىتاينىڭ جەبىرلىرى بار.
بالىلىق خاتىرەم قالغان زېمىن ئۇ،
دادام ۋە ئانامنىڭ قەبرىلىرى بار.

## بۇ يولدا ياشىدىم، بۇ يولدا ئۆلەي

«ئىستانبۇل دۇنيانىڭ جەننىتى شەھەر،
يېشىللىق دۇنياسى ئاناتولىيە.
بۇ ۋەتەن سېنىڭدۇر، غۇرۇرلان دوستۇم،
قۇچىقى ئوچۇقتۇر تۈرك ئەلىگە.

خانتەڭرى تەرەپكە ھەسرەتلىك بېقىپ،
يۇرتۇم دەپ يىغلارچە چەكمىگىن پىراق.
قۇم باسقان ماكانىڭ ئۇزاقتا قالدى،
چۆللەرنى ئۇنۇت، بۇ گۈزەللىككە باق».

«ئەي، دوستۇم، ھېس ئەتكىن تۇيغۇلىرىمنى،
ھەركىمگە ۋەتىنى - ئانا دېمەكتۇر.
ياشىغان يېرىڭنىڭ سۆيگۈسى باشقا،
تۇغۇلغان يۇرتۇڭنىڭ مېھرى بۆلەكتۇر.

بالىنىڭ ئانىغا سۆيگۈسى شەرتسىز،
ئانىنىڭ ئەيىبى كۆزگە كۆرۈنمەس.
دۇنيادا ئەڭ گۈزەل، مۇكەممەل ئانا،
ئانىنى ئەۋلادى باشقا چۈشەنمەس.

مەن بايلىق، گۈزەللىك پىشىدە ئەمەس،
قوي دوستۇم بېشىمغا كەلگەننى كۆرەي.
يۇرتۇمنىڭ ھۆرلۈكى غايەمدۇر مېنىڭ،
بۇ يولدا ياشىدىم، بۇ يولدا ئۆلەي»·

سۆيمەن يۇرتۇمنىڭ چۆل - جەزىرنى،
سۆيمەن يايلىقى، بوستانلىقنى.
سۆيمەن سۇيىنى، ئورمانلىرىنى،
سۆيمەن گىياسىز تاقىر تېغىنى.

ئىختىيار ئۆزۈمنىڭ ئىلكىدە ئەمەس،
يۈرىكىم يۇرتۇمغا سوقۇپ تۇرىدۇ.
سوقىسىغۇ مەيلىغۇ كېچە - يۇ كۈندۈز،
كاۋاپتەك پىژىلداپ كۆيۈپ تۇرىدۇ.

روھىمنى، زېھنىمنى ئالغان كېسەل بۇ،
بۇ ئاشىق ئۆمرۈمنى ئىشغال ئەيلىدى.
يۇرتۇمنى بىر مىنۇت ئۇنۇتالمىدىم،
دەرد چەكتىم بىر كۈنۈم راھەت ئۆتمىدى.

كۈچ - قۇۋۋەت ئاللاھتىن بولمىسا ئىدى،
بۇ ئېغىر يۈكلەرنى كۆتۈرەلەمتىم.
مىللىتىم ئىچىدىن چىققان مەلئۇنلار
ئەزىيەتلىرىگە چىدىيالامتىم.

ئۆزىگە گۆر - كېپەن ھازىرلىغانلار
شەنىگە ساز چېلىپ، ناخشا ئېيتىشى.

ئەگەر ئەيۋىنى يۈزىگە سالساڭ،
سېنىڭدىن بىر ئۆمۈر نەپرەتلىنىشى.

ئويلىسام قەلبىمدە يارا ئاچىدۇ،
نەسىھەت قىلدىڭمۇ بىزار بولۇشى.

ۋە لېكىن، ھەممىنى ئۇنتۇلدۇرىدۇ،
بىر قېتىم بوۋاقتەك تاتلىق كۈلۈشى.

## ۋە لېكىن...

خەلقىمنىڭ بەزىدە بىخۇتلىشىشى،
يىلان ئۇگىسىغا قولنى سېلىشى.

سەپەرگە باشقىلار ئۇچاقتا چىقسا،
ئاتامدىن قالغان دەپ ئاتلىق مېڭىشى.

بىر يىللىق ھوسۇلنى كەلكۈنگە بېرىپ،
سائەتلىك ئۇيقۇدىن ھۇزۇرلىنىشى.

ئۆيى ئوغۇرلانسا خىيالىدا يوق،
قولىغا تىكەن كىرسە پەريات قىلىشى.

ئەجەل پىچىقىنى ئىزدېگەن قويدەك،
قۇشخانىغا ئۆزى كېتىپ قېلىشى.

بىباھا جېنىغا يەتكەندە خەۋپ،
ئەزرائىل ئالدىدا شەپقەت تىلىشى.

نەقرات   قولغا كەلمەي ئازادلىق،
ياشنىمايدۇ ھاياتلىق.

بىزگە ئەجداد مىراسى،
بەش مىڭ يىللىق دىيار بۇ.
ئازاد ياشاش مەڭگۈگە،
مىللەت بەرگەن قارار بۇ.

نەقرات   ياشىساق ھۆر ياشايمىز،
ھۆرلۈككە جان ئاتايمىز.

# ئازادلىق مارشى

بىز ۋەتەنىنىڭ پەرزەنتى،
ۋەتەن ئۈچۈن ياشايمىز.
نومۇسنى قوغداشقا،
ئۆمرۈمىزنى ئاتايمىز.

نەقرات  يۇرت سۆتۈگىنى ئاقلايمىز،
ساگا مەھكۇم باقمايمىز.

نىشانىمىز ئازادلىق،
ئۇنى تىلەپ ئالمايمىز.
ئۆلۈم ئەلا قۇللۇقتىن،
دۈشمەنگە قول بولمايمىز.

نەقرات  يۇرتنى نۇرغا بۆلەيمىز،
ياكى ئۆلۈپ توگەيمىز.
ئىلگىرىلەش بار، قايتىش يوق،
يا ئۆلۈم يا ئازادلىق.
ۋەتەن ياۋدىن قۇتۇلماي،
بىزگە هارام هاياتلىق.

كەلدىڭ ئەمما،
كەلمىگەندەك،
ۋە ياكى كۆلەڭگۈدەك شەپىسىز كەچتىڭ.
بۇ ئالەمگە،
كەلگىنىڭ، كەتكىنىڭ ھەقىقەت بولسا،
بالىلىرىڭنىڭ كۆز ياشلىرى سۈمكىن، دېمە،
كەچۈرۈلمەس گۇنادا كەتتىڭ.

## مەن سەندىن سېنى سورىدۇم

ھەر دائىم،
مەن سەندىن سېنى سورىدۇم،
بىلمەن، دېدىڭ.
ھاياتىڭ بويى،
مەن كىم؟
ئۆزۈمنى بىر بىلەي دېمىدىڭ.
سەنمۇ بەئەينى ئاتاڭغا ئوخشاش،
ھېچ نېمە بىلمەيلا ئۆمۈر تۈگەتتىڭ.
باللىرىڭ قالدى.
ئۇ سەبى - مۇبارەكلەرگە
ۋەسىيىتىڭ نېمە بولدى؟
نېمە ئۆگەتتىڭ؟
ئېسىت...
ئېسىت...
ئېسىت...
بىر قېتىم كەلدىڭ بۇ دۇنياغا،
بىر قېتىم كەتتىڭ؟

# كۆڭلۈم

ۋەتەن دەپ ۋەتەندىن ئايرىلىپ چىقتىم،
بۇ يولغا مېنى سەن ئۈندىدىڭ كۆڭلۈم.
چىقتىم - يۇ، ۋەتەنسىز ئۇ كۈندىن بېرى،
ئەجىبا بىر قېتىم كۈلمىدىڭ كۆڭلۈم.

تاغلاردەك مۈشكۈلات ئاستىدا قالدۇق،
زەررىچە مەيۈسلۈك تۇيمىدىڭ كۆڭلۈم.
پۈتبولدەك تېپىشتى دوست - دۈشمەنلەر،
مېنى هېچ جاۋابكار كۆرمىدىڭ كۆڭلۈم.

ۋە لېكىن، هەر زامان سۇلغۇن ۋە مەيۈس،
گۇناهسىز مەهبۇستەك سۈكۈت قىلىسەن.
سىلكىنىسە تۇزۇشتىن قورقىقان چىچەكتەك،
شەپىسىز، تىۋىشسىز يەردە كېزىسەن.

كۆپەيگەن ياراڭنى كۆپەيتىپ يەنە،
دەرد بىلەن ئۆزۈڭنى تىلغىما كۆڭلۈم.
ماتەملىك ئانىدەك تەنها ئولتۇرۇپ،
كېچە - يۇ، كۈندۈزى يىغلىما كۆڭلۈم.

# مۇھەببەتنى سورىغانلارغا

مۇھەببەت نېمە دەپ سورايسەن مەندىن؛
ئاچچىق ۋە تاتلىقنىڭ يۇغۇرۇلۇشى.

بەزىدە نەپەسنىڭ توختىشى، بەزەن
يۈرەكنىڭ فونتاندەك ئۇخچۇپ ئېتىشى.

بەزىدە ئۆزۈڭنى سىزىسەن كۆكتە،
بۇ دېمەك بەختنىڭ قۇشتەك ئۇچىشى.

گاھ چاقسا قەلبىڭدە ھەسرەت چاقمىقى،
كۆزۈڭدە كۆرۈلۈر يامغۇر يېغىشى.

بۇلارنى ھاياتتا ياشىمىغان يوق،
مۇھەببەت، سۆيگۈ ۋە ھېس تۈيغۇ ئىشى.

مۇھەببەت بولمىسا ياشنامتى دۇنيا،
بولاتتى ھاياتنىڭ نورمال ئېقىشى.

سەۋەبى مۇھەببەت، بىلسەڭ قۇياشنىڭ،
سەھەردە چىقىشى، ئاخشام پېتىشى.

بەلكى،
ئۆيدىن ئۇزاقتا ئۆلۈۋاتىدۇ.

ئاستا - ئاستا ئېچىلدى كۆزى،
مۆجىزىمۇ بۇ،
ئېگىز قاپاق تېرەك ئۇچىدا،
قىزىرىپ پىشقان،
بىر گىردىنى كۆرۈۋاتىدۇ.
مەسۇم سۆيۈندى،
تەبەسسۇم قىلىشقا ئىنتىلدى - يۇ، ئۇ،
ئەمما ھالى يەتمەيۋاتىدۇ.
ھالسىز - ھالسىز يۇمۇلدى كۆزى،
قىزارغان گىردە،
سۇدا شەپىسىز ئۇزگەن بىلىقتەك،
ئۇنىڭغا يېقىنلاپ كېلىۋاتىدۇ.
مەسۇم قۇياشنى،
قىزىرىپ پىشقان،
دۇگىلەك گىردە دەپ ساناۋاتىدۇ.

## قىزارغان گىردە...

كونا كوچىغا يېڭى كوچىلار،
ئەسكى مەلىگە كۆركەم مەلىلەر،
قوشۇلۇپ زورايدى بۇ بۆيۈك شەھەر.
كوچا ۋە يوللاردا موتور ساداسى،
ماشىنىلار لۆمشۈپ ئاقىدۇ.
يىللاردىن بېرى،
تەقدىرۇ تەلەي،
بۇ تاغلىق شەھەرگە كۆلۈپ باقىدۇ.
شەھەرنىڭ چېتىدە،
خارابىلىقتا،
ئەسكى تام تۇۋىدە بىرى ياتىدۇ.
ئۆچ كۈندىن بېرى،
بەزى ھوشىدىن كېتىپ،
بەزى ھوشىغا كېلىۋاتىدۇ.
قىزىتمىسى گاھىدا چۇشۇپ،
ۋەگاھىدا ئۆرلەۋاتىدۇ.
بۇ مەسۇم يىگىت،
ھە، ئۇنىڭ ئىسمىمۇ مەسۇم،

ئاھ، ساددا مەسۇم،
مەسۇم قەلب سەن.
ئۈرۈمچىدەك تاشلىق شەھەردە،
باغرى تاشلاردىن،
سېنىڭ ئۈچۈن ئىش چىقارمىدى؟
ئۈچ كۈندىن بېرى،
سۇ ئىچمىدىڭ، يا نان يېمىدىڭ.
سېنى يوقلاپ ھېچكىم كەلمىدى.
ساڭا ھەمرا بولۇپ،
ساڭا ئوخشاش سېنىڭ يېنىڭدا،
ئاچ ۋە ئاغرىق ياتقان ئىشتىنى،
دوختۇرلىرى ئېلىپ كېتىشتى.
بۇ ئىشلارغا ئەقلىڭ يەتمىدى،
ئوي - پىكىرلىرىڭ،
خۇددى چىگىش يىپتەك چىگىشتى،

ئۇچتە بىرى بۇ شەھەت شەھەرنىڭ
بوۋىسىنىڭ يايلىقى ئىدى،
تەكلىماكاننىڭ ئۇ بىر چېتىدىن،
چۆل كىزىپ،
تاغ ئېشىپ چىقىپ كېلىشى،
ئۇنتۇلغان مىراسىنىڭ تاماسىمىدى؟
زىدىلا،
ئۇنىڭ مەقستى،
بېشىغا بالالار ئاختۇرۇش ئەمەس.
ئاززۇ - نىيىتى،
پۇل تېپىش ئىدى،
سۆيگەن ئايالى،
ئىككى بالىسى - كۆز قارچۇقلىرىغا،
گىردىنى تويغۇدەك يېگۈزۈش ئىدى.
ھەممىنىڭ كۆزىدە چۇنكى بۇ شەھەر،
پۇلنىڭ بۇلىقى،
ياكى بولمىسا،
بۇ چەكسىز زېمىننىڭ قايمىقى ئىدى.
مەسۇمنىڭمۇ ھەم،
بەخت يولىدا
ۋۇجۇدىدىكى جىسمانى كۈچى،
ئۇنىڭ ئەڭ ئاخىرقى بايلىقى ئىدى.

## ئاللاھ بىرەر بەلكى بىزدە يوقنى ئىستىسەك

باشلىرىمىز كىچىكلىدى، قالدى تۇخۇمدەك،
قورساقلار گۇمبەز.
دۈشمەنلەرگە بولدى جەننەت يۇرتىمىز شۇڭا،
بىزلەرگە قەپەس.
ئارىمىزدىن باشچى چىقسا بېشىنى ئىستەپ،
قېلىچ بىلەيمىز.
يات قول بىزنى كاچاتلىسا سانايمىز شىپا،
كۈلۈمسىرەيمىز.
مەسچىتلەردە بەسلىشىمىز مۇسۇلمانلىقتا،
ئاللاھ قۇلىمىز.
تاشقىرىدا ھۆكۈمەتنىڭ ئەمرى بۇ دەيمىز،
كاپىر بولىمىز.
تارىخ دېسە سۆز ئاچىمىز ھۇندىن - ئۇغۇزدىن،
قانات قاقىمىز.
بۈگۈن كىم سەن؟ دەپ سورىسا جاۋاب يېرىگە،
يەرگە پاتىمىز.
توي - نەزىرگە باغاق كەلسە پولو تەرەپكە،
تولۇپ ئاقىمىز.
كوچىلاردا قول ئۇزاتقان يېتىم - يېسىرگە،

قىزارغان گىردە،
ئۇنىڭغا يېقىنلاپ كېلىۋاتىدۇ.
مەسۇم كۆزىنى،
دۇنياغا تەكرار ئاچالماس بەلكىم،
ئەمما بۇرنىغا،
مىزىلىك پىشقان گىردىنىڭ ھىدى،
گۇپۇلدەپ - گۇپۇلدەپ كېلىۋاتىدۇ.

# تۇرۇڭلار! ئەي، مىغىلدىغانلار

تۇرۇڭلار! ئەي، جۇمۇلىدەك مىغىلدىغانلار.
ئىشلىدۇق دەپ سەھەر - ئاخشام قىمىلدىغانلار.
بىر - بىرىگە غەزەپلەنسە بۆرە مىسالى.
خىتاي كۆرسە يۇرەكلىرى جىغىلدىغانلار.

ۋەتەن كەتتى، ھوقۇق كەتتى. ئازادلىق كەتتى،
يۇرتىمىزدا نېمە بولسا ئالدى تۈگەتتى.
ئۇردى، سوقتى، دۇشكەللىدى كېچە - يۇ كۇندۇز،
باش ئەگكەننى قورقاق، يۇرەك كېسىلى ئەتتى.

يارىلىشتا ئەسلى ئادەم ئەمەسمىدۇق بىز،
ئادەم بولساق ئادەمدەك كۈن كۆرمەسمىدۇق بىز.
بىزنى ھايۋان كۆرگەن ۋەھشى ھايۋانغا قارشى،
شەنىمىزنى قوغداش ئۈچۈن ئۆلمەسمىدۇق بىز.

بىزنى، بىزنىڭ ھالىمىزنى دۇنيا بىلىدۇ،
تەكتىمىزنى، سانىمىزنى دۇنيا بىلىدۇ.
يۇرتىمىزنى، تارىم، جوڭغار گاز دېڭىزى ۋە
نېفىت ئولىپئانىمىزنى دۇنيا بىلىدۇ.

تەتۈر باقىمىز.
ئۆلۈۋاتقان بىر قوشنىمىز ياردەم ئىستىسە،
بانا تاپىمىز.
بەش تىيىنلىق پايدا كۆرسەك دوزاخ تەرەپتە،
جانىنى ئاتىمىز.
بىرسى بىزدىن بىپىپ كەتسە ئاللاھتىن ئاگا،
ئۆلۈم تىلەيمىز.
سۆزىمىزنى رەت قىلسا بىر پەرىشتىدەك قىز،
ئۇ بۇزۇق دەيمىز.
پويىز - پويىز ماللىرىمىز كېتىۋاتىدۇ،
خەۋرىمىز يوق.
بىر كۆچەتكە ئىككى قوشنا قان تۆكۈشىمىز،
سەبرىمىز يوق.
نە دە ئىدۇق، نەدە قالدۇق، قانچە تال قالدۇق،
بۇنى بىلەيلى.
ئاللاھ بىرەر بەلكى بىزدە يوقنى ئىستىسەك،
ئەقىل تىلەيلى:

## قىزارسۇن

سەن قىزارما، سەن بىلەن يۈرمىگەنلەر قىزارسۇن،
قىلىچىڭغا بىلەي تاش بەرمىگەنلەر قىزارسۇن.

ئۇلار ئۇچۇن تەر تۆكتۈڭ، شەرىپىگە قان تۆكتۈڭ،
ئۆيى يانسا ئوتقا سۇ تۆكمىگەنلەر قىزارسۇن.

ۋەتىنىم دەپ ۋەتەننى گۈش شىلىغاندەك شىلىپ يەپ،
ۋەتىنىنىڭ دەردىنى چەكمىگەنلەر قىزارسۇن.

شەھىدلەردىن بىزلەرگە ئامانەتتى يېتىم - تۇل،
كۆرۈپ تۇرۇپ ئۇلارنى كۆرمىگەنلەر قىزارسۇن.

كۆيۈۋاتسا بۈگۈنى، كۈيۈۋاتسا كەلگۈسى،
كۆرۈپ تۇرۇپ يۈرىكى كۆيمىگەنلەر قىزارسۇن.

جېنىڭ كۆردۈڭ ئۇلارنى، شەرتسىز سۆيدۈڭ ئۇلارنى،
ئۆزلىرىنى ئۆزلىرى سۆيمىگەنلەر قىزارسۇن.

مىللىتىم دەپ كۆيگەننى، ئاللاھىم دەپ ئۆلگەننى،
سەير ئېتىپ، نومۇستىن ئۆلمىگەنلەر قىزارسۇن.

قولاي ئەمەس تەڭرى تاغنى چوكىدا قىسماق،
قولاي ئەمەس تىرىكلەرنى تاۋۇتتا تۇتماق.
كېسىلسىمۇ يىلتىزىدىن كۆكلەيدۇ ئورمان،
قولاي ئەمەس چالا ئۆلۈك ئۇيغۇرنى يۇتماق.

بىزگە بىزدىن قاتىل تۇتتى، چامدا تۇزاق،
دېيىشىدۇ، ئۇيغۇر ئۆمرى قالمىدى ئۇزاق.
يوقالمايمىز، يوقاتمايمىز ھېچ نەرسىمىزنى،
ياشىسىلا بىزنىڭ مىللى روھىمىز بىراق.

* *

تۇرۇڭلار! ئەي چۇمۇلىدەك مىغىلدىغانلار،
خىتاي كۆرسە يۇرەكلىرى جىغىلدىغانلار.
سىلەر ئۇنداق ھالسىز ئەمەس، سىلەر دېگەندەك،
روھىدىكى كۈچ - قۇدرەتنى تونىمىغانلار.

قان ئاقتى، جان كەتتى ھەددى - ھېسابسىز،
ئەھدىمىز بۇ ئېزىز تۇپراق كېلىدۇ.
بىرلىگەن بەدەلگە بىر كۈن ئاخىرى،
ھاۋارەڭ ئاي - يۇلتۇز بايراق كېلىدۇ.

# كېلىدۇ

چوبانسىز پادىلار تارقاق كېلىدۇ،
تارقاقتا بالالار قات ـ قات كېلىدۇ.
بۇركۇتلەر قوغلانغاچ ماكانى تاغدىن،
قاغىنىڭ شاتلىقى قاق ـ قاق كېلىدۇ.
بۇلبۇللار ئېلىنغاچ قەپەزگە باغدىن،
پاقىنىڭ ناخشىسى غاق ـ غاق كېلىدۇ.
قەھرىمان نەسىللەر ئازايغاچ يۇرتتا،
ئون ئەردىن توققۇزى قورقاق كېلىدۇ.
شۇڭلاشقا بۆرىنىڭ ئاچقاندا قارنى،
كۆزىگە ھەر ئۇيغۇر ئوغلاق كېلىدۇ.
بىز خەقتىن ھالاۋەت سۇرمەك ئىستىگەن
ساپاسىز ئىنسانلار يالتاق كېلىدۇ.
ياراقسىز قالغاچقا پۇتكۇل ئاھالە،
ئەقىللىق باشلارغا سىرتماق كېلىدۇ.
ئۆلمەكتىن پۇتمىگەن ئەلدىن ئېسىمگە،
يىلتىزى ياشارغان توغراق كېلىدۇ.
ئانىلار ئۇستىدە ئاخىرقى ئۇمىد،
ئۇلارنىڭ قولىدىن تۇغماق كېلىدۇ.

هاۋا سىزلىقتىن،
نەپەسلىرى بوغۇلۇۋاتىدۇ.
بىراق،
چۆچىرىنى خام سانىماق خاتا،
چۈنكى،
ھەر پەردىنىڭ ئارقىسىدا بىر مەخپى پىلان،
مىڭبىر تۇزاق بىلەن قورۇلۇۋاتىدۇ.
كۆپىنچە ھالدا،
يېڭى بىنالار،
ئەسكى تاملىق بۇزۇلۇپ قورۇلىۋاتىدۇ.
دۇنيا - دەۋردىن،
ھەتتا ئۆزىدىن،
خەۋەرسىز ئەسكى تام تۈۋىدە ئۇخلىغانلارنى،
ھەر زامان پاجىئە كۈتۈۋاتىدۇ.

يېڭى بىر دۇنيا قورۇلۇۋاتىدۇ،
ئادالەت يېڭىدىن تۇغۇلۇۋاتىدۇ.
شۇنى بىلىڭلار،
نىپىت دېڭىزى تەكلىماكاندا،
يېڭى بىر بايراق،
ئۆزاقتىن يېقىنلاپ كۆرۈنىۋاتىدۇ.

## يېڭى بىر دۇنيا تۇغۇلۇۋاتىدۇ

يېڭى بىر دۇنيا تۇغۇلۇۋاتىدۇ،
كۆرۈلمىگەن مۆجىزىلەر كۆرۈلۈۋاتىدۇ.
يېتىم - يېسىرلەرنىڭ قەلبىدە ئۈمىد،
چىرايلىرى كۈلۈۋاتىدۇ.

يېڭى بىر دۇنيا تۇغۇلۇۋاتىدۇ،
بىزنى كاچاتلاۋاتقانلارنىڭ يۈزىگە
كاچاتلار ئۇرۇلۇۋاتىدۇ.
شۇڭا كىلەگسىز يەلماۋۇزلار،
پەرىشان بولۇپ ئۈزۈلۈۋاتىدۇ.
يالغان كۈلۈشكە ئىنتىلىدۇ - يۇ،
قاپاقلىرى تۈرۈلۈۋاتىدۇ.

يېڭى بىر دۇنيا تۇغۇلۇۋاتىدۇ،
كونا خەرىتىلەرنى تەكرار سىزىشقا،
يېڭىدىن ئېھتىياج تۇغۇلۇۋاتىدۇ.
بۇ غايە ئۈچۈن،
تەپەككۇرلار سۇرۇلۇۋاتىدۇ.
بەزىلەر سوكۇتتا كۆرۈنىدۇ - يۇ،

بۇ ۋەتەنگە ئۇيغۇر ئاتىلار،
ھەر يىل يېڭى بوۋاق ئاتايدۇ.
بوۋاق ئەمەس،
يىقىلغان بايراق
يەرلىرىگە بايراق قادايدۇ.

## بوۋاق ئەمەس بايراقتۇر ئۇلار

قوللىرىمغا ئالدىم بوۋاقنى،
يۈرىكىمدە ئەۋلاد سۆيگۈسى.
بىر يۇرت ئەمەس دۇنياغا بەدەل،
ۋىلىق - ۋىلىق تاتلىق كۈلكىسى.

ئالتە ئايدۇر ئارزۇلىغىنىم،
ئالتە ئايلىق بوۋاقنى كۆردۈم.
بوۋاقنىڭ كۆز قارچۇقلىرىدا،
ئاي يۇلتۇزلۇق بايراقنى كۆردۈم .

بايراق - بايراق هۆرلۈك بەلگىسى،
بولدى ئاڭا كۆپ جانلار پىدا.
جان بەرگەندە بايراق دەپ ئاتا،
بوۋاق ئىدى ئانا قارنىدا.

ئۆلتۈرۈلدى، ئۆلدى ئاتىلار،
دېيىشتىلەر يوقالدى بايراق.
ئاي - يۇلتۇزلۇق بايراق ئەمەسمۇ،
قولۇمدىكى بۇ سەبى بوۋاق.

دېدۇق؛ بۇنداق كېتىۋەرسە بۇ مىللەت پارتلىغاي بىر كۈن،
دېدى؛ بىر پۈھ بىلەن ئۆچكەن كۆپۈكتۇر قەھرىڭىز سىزنىڭ.

دېدۇق؛ بۇ يۇرت - ۋەتەن بىزنىڭ ياشارتقان نەسلىمىز بىزنىڭ،
دېدى؛ بىز قان تۆكۈپ ئالدۇق، يوقالدى ھەققىڭىز سىزنىڭ.

دېدۇق؛ كۈن تۇغىدۇ ئاخىر، كېچە قانچە ئۇزاق بولسۇن،
دېدى؛ باش تارتسىڭىز پۈتكۈل تۈگەيدۇ نەسلىڭىز سىزنىڭ.

دېدۇق؛ بىزنى سىلاپ - سىپاپ ۋە ياكى قورقۇتۇپ قىيناپ،
تۇتۇپ قوي قوزىسىدەك يەپ تۈگەتمەك قەستىڭىز سىزنىڭ.

دېدى؛ مىلياردلىغان كۆزلەر بېقىپ تۇرغاچقا سىز، بىزگە،
شۇڭا بىردىن يوقالمايمىز، بۇ دۇنيا سەھنىڭىز سىزنىڭ.

# سىزنىڭ

دېدۇق؛ باشقا خەلقلەر بىز، دېدى؛ يوق خەلقىڭىز سىزنىڭ،
دېدۇق؛ زەپمۇ زۇلۇم چەكتۇق، دېدى؛ بۇ بەختىڭىز سىزنىڭ.

دېدۇق؛ بىزلەرمۇ سىزلەردەك يۇرت سورساق بولۇپ كادىر،
دېدى؛ دېھقان بولۇپ ئۆتمەك شەرەپلىك كەسپىڭىز سىزنىڭ.

دېدۇق؛ ھېچ بولمىسا سىزد، ئ ئىشلەيلى زاۋۇتلاردا،
دېدى؛ تېخنىكۋىي ئىشقا يېتەرسىز ئەقلىڭىز سىزنىڭ.

دېدۇق؛ سىزدەك ئېگىز بىنا، يېڭى ماشىنا ئىستەيمىز،
دېدى؛ بىز يەپ، سىز كۆشەيسىز بۇ، بىزدىن پەرقىڭىز سىزنىڭ.

دېدۇق؛ خار كۆرمە، دۇنيادا ياشايلى بىزمۇ ئىنساندەك،
دېدى؛ سىزلەرگە جەننەت بار، ئۇ دۇنيا ئەتىڭىز سىزنىڭ.

دېدۇق؛ يەكلەپ، ئۆگەيلەيسىز، ھوقۇق ۋە ھەققىمىز نەدە؟
دېدى؛ بىزلەرگە بويسۇنماق مۇقەددەس ھەققىڭىز سىزنىڭ.

## مۇسۇلمان بۇ ئايەتنى بىر بىلسە ئىدى

مەن مۇسۇلمان دەپ ماختىنىپ ئۆتىمىز،
نەگە باقساق پەرىشان ھالى ـ كۈنىمىز.

قۇرئاننى خرىستىئان، يەھۇدى ئالدى،
مۇسۇلمانغا سەللە ۋە جەيناماز قالدى.

غەربتە پۇل بار، كۈچ بار، تەرەققىيات بار،
بىزدە كۆز يېشى بىلەن پىتنە ـ پاسات بار.

غەربتە ئاچلىق نېمە، بىلمىگەنلەر كۆپ،
بىزلەردە كوسار كىيىپ كۆرمىگەنلەر كۆپ.

قەيەردە نېفىت بار، ئۇ يەردە جېدەل بار،
مۇسۇلمان قېنىدىن ھېسابسىز بەدەل بار.

مۇسۇلمانغا ئۆز يۇرتىدا ئەركىنلىك يوق،
مىڭى ئاچ، ئۇنىڭ بەدىلىگە بىرى توق.

## ئەگەر شۇنداق ياشاۋەرسەك

ھايات بىرىگە جەننەت، بىرىگە ۋاپاسىز،
بىرىگە سارايۇ قەلئە، بىرى پاناسىز.

بىر ئۆمۈر ئىشلىگەن بىرى بىر نانغا قەرز،
بىرى مىڭنىڭ رىسقىنى تويلار جاپاسىز.

بۇ دۇنيادا بەزى جانلار مىليون جانغا تەڭ،
بىرى ئۈچۈن مىليون قۇربان كېتەر گۇناسىز.

تەڭسىزلىكتىن سۆز ئاچتۇقمۇ دەيدۇ بەزىلەر،
بەندىلەردە خاتا بولۇر، ئاللاھ خاتاسىز.

تۇگەيمىز يەپ دۇنيانى ۋە بىر - بىرىمىزنى،
ئەگەر شۇنداق ياشاۋەرسەك دىنسىز - خۇداسىز.

# ھەممە يوقىلار، يوقالماس ئاللاھ

ئەركەك قانمايدۇ ھېچ ۋاخ ئايالغا،
ئۇنىڭ تەمىنى ياراتقان ئاللاھ.
مۆجىزە بىلەن ئىنسان نەسلىنى،
پۈتكۈل دۇنياغا تاراتقان ئاللاھ.

قۇياشنى، ئاينى، يۇلتۇزنى، يەرنى،
بارمۇ باشقا بىر پىقىراتقۇچى.
يېشەلمەس ئەقىل بۇ ئىنتىزامنى،
ياراتقۇچىدا سىرنىڭ ئاچقۇچى.

مىللەتنى، دىننى ئاللاھ ياراتتى،
يوقال دېگەنگە يوقالماس ئاللاھ.
قارشى كەلسە گەر ئاللاھقا جاھان،
ھەممە يوقۇلار، يوقالماس ئاللاھ.

مۇسۇلمان پادىشانى دادا بىلىدۇ،
پادىشاھ ئۆز خەلقىنى پادا بىلىدۇ.

مۇسۇلمان بەخت دېسە غەربكە باقار،
مۇسۇلماننىڭ بايلىقى غەربكە ئاقار.

مۇسۇلمان مۇسۇلمانغا قىلىچ بىلەيدۇ،
قاچقىنى غەربتىن پانا تىلەيدۇ.

كىنودا غەربلىكلەر كەزسە پەلەكتە،
مۇسۇلماننى كۆرسىتەر تۆگە، ئېشەكتە.

دۇنيانى غەربلىكلەر ئۇتۇۋاتىدۇ،
مۇسۇلمان تۈكۈرۈكىنى يۇتۇۋاتىدۇ.

مۇسۇلمان ھەر نەرسىدىن مەھرۇم قېلىپلا،
جەننەتكە ئۇلاشماقچى ناماز قېلىپلا.

ئاللاھنىم «ئىشلىگەنگە بېرىمەن» دېدى،
مۇسۇلمان بۇ ئايەتنى بىر بىلسە ئىدى.

# ۋەتىنىم سېنىڭ ئۈچۈن، بىزنىڭ ئۈچۈن

ۋەتىنىم ۋەتەندىشىڭ تۇرۇقلۇق بىز،
بىز سېنىڭ ۋەتەندىشىڭ دېيەلمەيمىز.
ئىسمىڭنى تىلغا ئېلىش ياساق بىزگە،
قوينۇڭدا ئەركىنكىنە يۈرەلمەيمىز.

ساڭا جان بەرگەنلەرنىڭ قەبرىسىگە،
تەپ تارتماي كۆندۈزلىرى كېلەلمەيمىز.
يولغايدۇ ئىپپىتىڭنى بىنامۇسلار،
خەپ دەيمىز، ئەمما زۇۋان سۈرەلمەيمىز.

بىلىمىز سېنىڭ بايرام كۈنلىرىڭ بار،
بايرامدا بايرامدىن سۆز ئېتەلمەيمىز.
بېشىڭغا كەلگەنلەر دەپ تۆگەتكۈسىز،
سەن ئۈچۈن ئاشكارا ياش تۆكەلمەيمىز.

ۋەتىنىم سېنىڭ ئۈچۈن، بىزنىڭ ئۈچۈن،
جاللاتنى مېھرى - شەپقەت كۈتەلمەيمىز.
ئۆلگەندە ئۆلتۈرۈشنى ئۆگەنمەستىن،
ئۆلۈمگە بويۇن ئېگىپ ئۆتەلمەيمىز.

## تىل ۋە ۋەتەن

تىلىڭىزنى، ۋەتەننى،
ھەر نەرسىدىن چوڭ بىلىڭ.
بولسا ۋەتەن، تىلىڭىز،
بەختىڭىزنى ئوڭ بىلىڭ.

ۋەتەن سىزگە قالقاندۇر،
تىلىڭىزنى ئوق بىلىڭ.
ئۇنىڭدىن مەھرۇم بولسىڭىز،
ئۆزىڭىزنى يوق بىلىڭ.



قەلبلەر راستقا ئىگە چىقالىسىلا،
بۇ دۇنيا بۇزۇلمايدۇ، تۈزۈلىدۇ.

# راست ۋە يالغان

راست دېگەن نومۇسچاندۇر قىزىرىدۇ،
يالغان - زە، قىزارمايدۇ، بىزىرىدۇ.
نومۇسسىز كۆپ بولغان بۇ مەيدانلاردا،
كۆپىنچە راست - يالغانغا ئىزىلىدۇ.
كىيگەندە يالغان راستنىڭ لىباسىنى،
ھەتتاكى تارىخ خاتا يېزىلىدۇ.
كۈن كېلىپ ھەر ئىككىسى ئوتقا چۈشسە،
قايسى مىس، قايسى ئالتۇن سېزىلىدۇ.
ۋە ياكى ئۆتۈپ ئۇزاق دەۋر - دەۋران،
راست - يالغان خارابىسى قېزىلىدۇ.
ھەقىقەت پارلاپ تەكرار كۈن نۇرىدا،
تارىخى مۇزىلارغا تىزىلىدۇ.
يالغانغا قۇربان كەتكەن راستلار ئۈچۈن،
كۆرگەنلەر ئېچىنىدۇ، ئۈزۈلىدۇ.
يالغان، كۈچ،
راست - ۋىجدان،
بۇ ئۇقۇملار
ئىنسانلار ئۇيۇغىدا سۈزۈلىدۇ.

كۆز ئالدىدا باللىرىغا كېلەپچە سېلىپ،
كىملەر يۈرەكلىرىنى داغلاۋاتىدۇ؟
ھىمايىسىز، چارەسىز كېلىن،
ئۆزىنىڭ ئايالى، ياكى ھەدىسى،
ئۇۋچىدىن ئۈركىگەن كىيىك مىسالى.
قېچىۋاتىدۇ...
ئاللاھتىن پانا تىلەۋاتىدۇ...
ئارقىدا جاللات،
نېمىشكە ئۇنداق قولىدا پىچاق،
ئۇنىڭ قارنىدىكى مەسۇم بوۋاقنى،
قۇرئان كەبى مۇبارەك جاننى،
قورساقنى يېرىپ چىقىرىش ئۈچۈن،
جان - جەھلى بىلەن قوغلاۋاتىدۇ؟
....................
بۇلارنى كۆزلىرى كۆرۈۋاتىدۇ،
ئەمما ۋىجدانى سەزمەيۋاتىدۇ.
مىللىتىنىڭ دەردىدىن قېچىپ،
يوقسۇل خەلقىنىڭ ئالدىدا،
ئۆزلىرىنى كۆز - كۆز قىلىشقا،
پۇللىرىنى بىھۇدە چېچىپ،
كۇلۇپ، يەپ - ئىچىپ ئويناۋاتىدۇ.

## قانداق ئىسىم ئۇيغۇن ئۇلارغا؟

ئاجايىپ ئىنسانلار بار ئارىمىزدا،
يىسە،
ئىچسە،
ئۇيىنسا راھەت ئالىدۇ.
ئويلىمايدۇ ئۇلار،
ئويلاشقىغۇ ئەقىل لازىم.
ئويلاش خىيالىغا كىرىپ - چىقمايدۇ ؛
سىڭلىسىنىڭ ئىپپەت - نومۇسىنى
قايسى نومۇسسىز بۇلغاۋاتىدۇ؟
قېرىندىشىنىڭ بېشىنى تەندىن
ئاجرىتىپ كىملەر،
توپتەك ئېتىپ ئويناۋاتىدۇ؟
بىر ئەسىرنىڭ ھارغىنلىقىدا،
مۆكچەيگەن دادىلىرىنى،
قايسى يات تايىپە خارلاۋاتىدۇ؟
تەكلىماكان بويلىرىدا،
قۇرىغان بۇلاقلاردەك،
يىغلاپ - يىغلاپ كۆزى قۇرىغان
ئانىلارنى،

## ۋەتەن ئۆچۈن

بەزىلىرىمىز ۋەتەنگە قالقان بولدۇق،
خەنجەر يەپ ۋەتەنگە يىقىلدۇق.
بەزىلىرىمىز ۋەتەننىڭ يۈرىكىگە خەنجەر بولدۇق،
ۋەتەنگە مەلئۇن ئېقىتتۇق.
ئەسىرلەردەك كېچىلەر بولدى.
بەزىلىرىمىز ئۇخلىدۇق،
بەزىلىرىمىز ئاللاھتىن يورۇقلۇق تىلىدۇق،
بەزىلىرىمىز كۆرمەي ئىزىقتۇق.
بۇ ۋەتەن ئۆچۈن،
قانچە قېتىملاپ قۇياش تۇغۇلدى،
بەزىلىرىمىز ئۇنىڭ يۈزىدە داغ بار دېدۇق.
بەزىلىرىمىز قۇياشنى پاتۇردۇق،
پاتۇرۇشقا تىرىشتۇق،
پاتقۇچە قېرىشتۇق.
بەزىلىرىمىز ۋەتەن ئۆچۈن ئېتىشتۇق،
بەزىلىرىمىز،
ۋەتەن ئۆچۈن ئېتىشقانلار بىلەن ئېتىشتۇق.
ئېتىششقا كۈچىمىز يەتمىگەندە،
پىتنە قىلىشتۇق.

تەگرىتاغدىن ئىلى، تارىمغا،
سۇ كۆرۈنگەن كۆز ياش ئاقىدۇ.
ئەمما بۇ دوستلار،
غەمسىز ـ غەمسىز كۆشەپ ياتىدۇ.
قانداق ئىسسىم ئۆيغۈن ئۆلارغا،
نېمە دەپ ئاتايلى،
مەن ئۆلارنى ئېشەك دەي دېسەم،
ئېشەك مەندىن رەنجىپ قالىدۇ.

# بەلكى

ئادەمنىڭ كۆزى،
ھەر نەرسىنى كۆرەلەيدۇ.
ئەمما، ئۆز يۈزىنى كۆرەلمەيدۇ.
ئادەملەرنىڭ،
خاتا - سەۋەنلىكلىرىنى يۈزگە سالساڭ،
كۆپىنچىسى،
ھەزىم ئېتەلمەيدۇ.
بەلكى،
بۇ پەلەكنىڭ چارقى،
بۇ يۈزدىن تۈزەلمەيدۇ.

بەزىلىرىمىزگىمۇ ۋەدە قىلىنغان جەننەت بار،
بەزىلىرىمىزگە بۇ ۋەتەندە ئەبەدى خاتىرە.
ئەمما بەزىلەر،
ۋەتەن يىغلىسا پىخ - پىخ كۈلۈشتۇق،
ۋەتەننى رەنجىتىپ،
ۋەتەن دۈشمىنىنى سۆيۈندۈرۈشتۇق
بۇ ۋەتەنگە زەھەر يۈتتۈرماقتىن،
نىمە قازاندۇق؟
كىمگە ياراندۇق؟
نىمىگە ئېرىشتۇق؟

بۈگۈن يىغلايدۇ بۇ مىللەت،
دەرد بىلەن بولۇپ ئۆلپەت.
ئاگا زۇلمەت، ئاگا كۇلپەت،
تۆھمەت ئۈستىگە تۆھمەت.
ۋەتەندە بىز ۋەتەنسىزلەر،
خىتايلار يۈگەنسىزلەر.

يۇرتقا تۈگمەس كۆچ بار،
بىزگە ئىنتىقام - ئۆچ بار.
خىتايدا بىھساب كۈچ بار،
دېمەك بىزلەردە «خوش - خوش» بار.
تاغ بولدى كېسىك باشتىن،
ھېسابنى ئالمىز باشتىن.

## ھېسابنى ئالمىز باشتىن

بۇ مىللەت ئۇيۇلتاشتى،
يۇرتۋازلىق نىپاق چاچتى.
ئىماندىن نەپسىمىز ئاشتى،
ۋەتەننىڭ ئامتى قاچتى.
ساراي چاقتۇق، سېپىل يىقىتتۇق،
خىتاينى چاقىرىپ چىقتۇق.

دەسلەپتە ئىمان كەتتى،
ئارقىدىن ۋەتەن كەتتى.
بايلىقلار تالان كەتتى،
ئازادە زامان كەتتى.
بىز ـ بىزگە كۆرەش ئاچتۇق،
بىز ـ بىزدىن ئۇزاقلاشتۇق.

ساتقىنلار ساداقەتتىن،
جاللاتلار ئادالەتتىن،
ئوغرىلار ساخاۋەتتىن،
دىنسىزلار دىيانەتتىن.
ۋەز ئېيتسا سۈكۈت قىلدۇق،
قۇللۇقتا شۈكۈر قىلدۇق.

مېنىڭ ئاشىقىم،
ماڭا جاۋابسىز.
يەرشارىدەك ئېغىر بىر سوئال،
كائىناتتەك چىگىش بىر تۈگۈن.

ھەر قېتىم ئىبادىتىمدىن كېيىن،
ئۇنىڭ ئاياقلىرىنى سۆيدۈم.
ئۇنىڭ ئالدىدا،
نېمىگە ئەرزىتتى ئىززەت - ھۆرمىتىم.
ئۇ بولسا،
مېنى ھېچبىر زامان تونىمىدى.
ئەمما مەن،
ھەر زامان ئۇنىڭ ئۈچۈن،
ئۆلمەك ئىستىدىم.
ھەر قاچان پىدادۇر
ئۇنىڭغا جېنىم.
ھاياتىمنىڭ ئاخىرىغا قەدەر،
ئۇنىڭ ئۈچۈندۇر،
ھەر قەدىمىم،
ھەر نەپىسىم،
پۈتكۈل خىزمىتىم.
چۈنكى ئۇ مېنىڭ

## مېنىڭ ئاشىقىم ...

ئاشىق بولمىغىن دەپ
سۆزلىمەك ئاسان.
ئاشىق بولۇپ ياشىماق قىيىن.
دەرت دېگەن يامان.
ئىشق تۇپەيلى،
پۈتۈن ۋۇجۇدۇم،
ھارارىتى پەسەيمەس خۇمدان.
يۈرىكىمدىن تومۇرلىرىمغا
ئاقىدۇ گوياكى
ماگمىلىق ئېقىن.
ئۇيقۇسىز كېچىلىرىم،
مېنىڭ ھېسابىمدا،
تىرىلىيونلارچە يىللارغا يېقىن.

لەيلى ۋە مەجنۇن،
پەرھات ۋە شىرىن.
بىرى - بىرىگە ئاشىق ئىمىش
ياشايدىكەن بىر - بىرى ئۈچۈن.

## كىچىككەن مۇھەببەت

مۇتەللىپىنىڭ قارا ياغاچلىقى،
ئۇرۇمچىنىڭ ئورمانلىقى بۇ.
ئورمان جىمجىت، هاۋاسى تازا،
ستۇدېنتلارنى جەلىپ قىلىدۇ.

خىلۋەت ئورمان،
دەرەخ تۈۋىدە،
بىر ياش يىگىت كىتاب ئوقۇيدۇ،
بىر يەرلەردە،
غەرىبان بىرى
قولىدا تاغار،
ئوتۇن ـ تەمەچ تېرىپ يۈرۈيدۇ.
ئۇزاقلاردىن،
لى يۈيخى، ياڭزۈڭنىڭ
بىزگە يات ناخشىسى ياڭراپ كېلىدۇ.
ئەمما ئورماندا،
چاڭىلداپ سايرىغان بۇلبۇل ئاۋازى.

«ئۇيغۇر» ئىسمى بار،
ئېزىز مىللىتىم.

بىزدىن پۇلنى ئالدى سۆزلىشىپ،
ئالدى ئاندىن قاچتى بۇ بۇزۇق.
- يالغان، دېدى قىز يىغلامسىراپ،
گەپلىرىگە ئىشەنمەڭ ئاكا.
تاماق ئېلىپ كېتىۋاتاتتىم،
بالىنىسقا، كېسەل ئانامغا.
تېخى قىزنىڭ گېپى تۈگىمەي،
هايت - هۇيتلار باشلىنىپ كەتتى.
خويەنجيانىڭ «نەسلىغۇ» ئۇلار،
چامباشچىلىق هۈنىرىگە،
گوياكى سۇمۇكۇگدەك ئاتلىنىپ كەتتى.
تارتىۋالدى قىزنى ئۇچەيلەن،
بەس - بەس بىلەن مۇش ئېتىپ - تېپىپ.
ئېلىپ ماڭدى ئۇ قىزنى بىرى،
خور جۇندەكلا مۆرىگە ئېلىپ.
كىتاب تۇتقان داشۆ بالىسى،
زەيجاۋيۇدە كەلگەن يېتىشىپ.
بوش ۋاقتىدا گۇڭفۇ ئۆگەنگەن،
كۆپنى كۆرگەن يېزىلاردا ئۇ،
جىق قازاندا قاينىغان پىشىپ.

ئۇقۇمسىز ۋاڭ ـ چوڭلارنى بېسىپ كېتىدۇ

ـ ۋاي ـ جان!
ـ ئادەم بارمۇ!
بۇ ياڭرىغان ئەنسىز سادادىن
ئۈركۈپ كەتتى بۇلبۇللار ئۇچۇپ.
ئاۋاز چىققان تەرەپكە باقتى،
يىگىت يېرىدىن دەرھال قوزغىلىپ.
بىر قىز قېچىپ كېلىۋاتىدۇ،
ۋە ئارقىدىن يوگرەۋاتىدۇ.
ئۈچ ياش يىگىت بىللە قوغلىشىپ،
مۇھتاج قىز شۇئان
ئۇ يىگىتنىڭ ھىمايىسىگە،
يالۋارماقتا قىز،
ـ قۇتقۇزۇڭ مېنى!
ياشلار كەلدى،
قولىدا پىچاق.
سىلىق ئېيتتى كىتابلىق يىگىت؛
ـ گەپ بولسا ماڭا ئېيتىڭلار قېنى!
ـ قىزنى بىزگە بەر!
كەچۈردۇق سېنى.
سېنىڭ بىلەن ئالاقىمىز يوق.

ئاسماقچىلاپ قايرىدى ـ دە،
پەيدىن بىسىپ بوغدى گېلىنى،
بوش قولى بىلەن.
دەل ئارقىدىن پىچاق ئۇرۇشقا،
ئىككىنچىسى كەلدى ئېتىلىپ.
ئۇ، بۇرۇلدى ئولجىنى تۇتتى.
پىچاق تەگدى ئولجىغا كېلىپ.
بۆسۈپ كىردى بەلكىدە پىچاق،
ئۆپكىسىگە ياكى جىگەرگە.
قارنىدا پىچاق،
قۇربان لۇكچەك يىقىلدى يەرگە،
قانىنى كۆرۈپ قاچتى ئىككىسى،
خاتىلدايدۇ نىمجان بولغىنى،
ئوقۇغۇچى گاڭگىراپ قالدى،
نېمە ئىش بۇ، نېمە بولغىنى؟
* *
بۈگۈن،
هايۋاناتلار باغچىسى ئاتىلىدۇ،
بۇرۇنقى مۇتەللىپىنىڭ قارا ياغاچلىقى.
كونا ئىسىملار ئۇنتۇلۇپ بارىدۇ.
هاۋا ئوچۇق،
قۇياش زېمىننى قىزدۇرۇپ ياقىدۇ.

ـ قوتقاز ئاكا
قوتقازغىن مېنى،
جېنىم دەيمەن، جېنىمنى قوتقاز!
قىز تىپىرلاپ پەريات ئېتىدۇ.
لوكچەكلەر،
قىزنىڭ سىلكىنىشىدىن،
لەززەتلىنىپ كولوپ كېتىدۇ.
يىگىت يېتىپ كەلدى ئارقىدىن،
ئوچىلىسىنى،
يەر چىشلەتتى بىردىن موش بىلەن،
قوتولدۇردى قىزنى،
ئونىڭغا،
ـ مەن توسىمەن، سىز قېچىڭ دېدى.
ـ بو قىز بىلەن ئىشىڭلار نېمە؟
دېدى ئۆمىلەپ تورۇۋاتقانلارغا
شو هالىڭلارغا،
ئونىۋانىڭلار نەنزىخەنىمىدى؟
قولىدا پىچاق،
ئېتىلدى بىرى
جان ـ جەھلى بىلەن.
يىگىتنىڭ ھەرىكىتى گوياكى شامال،
توتتى پىچاقلىق قول بېغىشىنى،

- كەل بۇ يەرگە!
دېگەچ ئانىمۇ
كەلدى قىزنى كۆتۈرۈۋالدى.
ئەمما ئايال،
ئەرگە بېقىپلا،
تۇرغان يەردە تۇرۇپلا قالدى.
ئورتا ياشلاردىكى بۇ ئايال،
ئۇ ئەرگە كۆز ئۈزمەي قاراپ تۇرىدۇ.
گويا كونا تونۇشلاردەك،
تەلمۈرۈش ئىچىدە كۈلۈپ باقىدۇ.
ئەر،
ئايالنىڭ بۇ بېقىشىدىن،
ئۆز - ئۆزىچە ئويۇلۇپ قالدى،
ئەمما كۆڭلىدە،
بىر يېقىنلىق سېزىپ تۇرىدۇ.
ئەرنىڭ يېنىدا ئولتۇردى ئايال،
قىيناۋاتىدۇ بەلكى ھاياجان،
بوغۇق - بوغۇق نەپەس ئالىدۇ.
- مەن سىزنى تونۇدۇم،
مەڭزىڭىزدىكى مەڭلەر ئەينى تۇرىدۇ.
- سىز كىم بولىسىز؟
- ئېسىڭىزدىمۇ،

بۇ يەردىمۇ،
ئۈرۈمچىنىڭ ھەر تەرىپىدەك ئىنسان ئېقىنى،
ئاستا، ئەمما لۆمشۈپ ئاقىدۇ.
ئەنە ئۇ،
ئەينى دەرەخ ئەينىلا پېتى.
بىراق يوللار گۈزەل،
ئورۇندۇقلار بار ئولتۇرىدىغان،
يول بويلىرىدا،
كىشىنى مەپتۇن ئەتكۈدەك،
رەڭگارەڭ گۈللەر ئېچىلغان،
ئورۇندۇقتا يالغۇز بىر كىشى،
ئەللىكلەردىن ھالقىغان يېشى.
ئولتۇرىدۇ خىيال سۈرىدۇ.
ئۇنىڭ لاچىندەك كۆزلىرىدە
بىر قەتئىلىك چىقىپ تۇرىدۇ.
ئالدىدىن يۈگۈرۈشۈپ ئۆتسە باللار،
ئاتىلارچە كۈلۈپ قويىدۇ.
تەمتىلەپ ـ تەمتىلەپ كېلىپ توختىدى،
ئۇنىڭ ئالدىغا،
ئۈچ ياشلاردا ئۇماق قىز بالا.
ئادەم يانچۇقىدىن كەمپۈت چىقاردى،
سۆيۈندۈرۈپ تۇتقۇزدى ئاڭا.

- ئۇ زامانلا ۋاپات ئەتكەنتى.
سىزنى تارىمغا ئېلىپ كېتىپتى.
ئىمكانسىزدىم يوقلاپ بېرىشقا،
ئىنسان شۇنداق تۇزكور بولىدۇ.
- ئۇنداق دېمەڭ!

ئۇ بىر تەسادۇپ.
سىزنىڭ ئورنىڭىزدا كىم بولسا بولسۇن،
بۈگۈنمۇ يەنە قۇتقۇزار ئىدىم.
تەقدىر - ئىلاھى،
پېشانەمگە شۇنداق يېزىپتۇ.
- تۈرمىلەردە ناھەق ياتتىڭىز،
سىزدە قىلچە گۇناھ يوق تۇرۇپ.
- ناھەق ئىشلار كۆپقۇ جاھاندا،
ھەقىقەتنىڭ مەنىسى نېمە،
كۆرمەڭ لازىم ياخشى ئويلىنىپ،
كۈچ كىملەرنىڭ قولىدا بولسا،
ھەقىقەتمۇ ئۇنىڭغا مەنسۇپ،
بولدى، بۇنى قويۇپ تۇرايلى.
ئەمدى گەپتە سىزگە كېلەيلى!
- ئانامنىڭ ئۆلۈمى كۆپ ئۆتمەستىنلا،
قۇققانلار مەندىن،
قۇتۇلۇۋالدى ئۆيلەندۈرۈپلا.

بۇندىن يىگىرمە بەش يىل ئىلگىرى،
بۇ يەردە،
بىر بىچارە قىزنىڭ
سىزگە يالۋۇرۇشلىرى، تەلمۈرۈشلىرى؟!
ئادەم ئايالغا،
بىقىپ بىر پەس تۇرۇپ قالىدۇ.
ئايالنىڭ كۆز جىيەكلىرىدە قورۇقلار،
چاچلىرىدا ئانچە - مۇنچە ئاقلار،
ئەمما، ئۇ شەھلا كۆزلەر،
يىگىرمە بەش يىل،
ئالدىدىكىگە ئوخشاپ تۇرىدۇ.
- قوچىغىڭىزدىكى قىز؟
- نەۋرەم،
قىزىمنىڭ قىزى.
يالغۇزلىقىمغا ئەمەك بولىدۇ.
سىزنى ئاخىرى كۆردۈم.
ئايالنىڭ كۆزلىرىدىن،
تامچىلايدۇ ئىككى تامچە ياش.
ئارىدا بىر پەس سۈكۈت سۈرىدۇ.
ئېغىر بىر ئۇھ تارتىدۇ ئايال،
ئاندىن مەگزىدىن ياشنى سۈرتىدۇ.
- ئانىڭىز؟

ئەھۋالدىن ھېچبىر خەۋەر يوق.
ئۆز يۇرتىغا سىغمىغان بالام،
نېمە ئىش قىلىدۇ، نەدە تۇرىدۇ؟
دەردىم ئازدەك ئۇنىڭ ھەسرىتى،
دەردىمگە دەرد قېتىپ تۇرىدۇ.
ئۇنىڭ چوڭى تۈرمىدە ئىدى،
- قانداقچە؟
- ئۇنىۋېرسىتېتتە،
ئوقۇغۇچىلار ھەرىكىتىگە ئارىلاشتى، دېدى.
ئۈچ يىل بولدى يېتىۋاتىدۇ.
چىدالامدۇ بالىغا ئانا.
يۈرىكىم ھەسرەتتىن تۈگەۋاتىدۇ.
ئىسەدەپ - ئىسەدەپ تۇرىدۇ ئانا،
كۆزلىرى بۇلاقتەك ئېقىۋاتىدۇ.
ئەرنىڭ قېنىدا،
نېمىشقىدۇ،
ئىسيان دولقۇنى ئۆرلەۋاتىدۇ.
ئەمما ئەقلى، تۇيغۇلىرىنى
يۈگەنلەپ كونترولدا تۇتۇۋاتىدۇ.
ئۇنىڭ،
بۇ پەلەككە بولغان غەزىپىدىن
كۆكتىكى قۇياشمۇ ئۈرۈككەندەك،

تۇرمۇش ھەلەكچىلىكى ئاستىدا قالدىم،
بىر تەرەپتىن بالا بېسىپلا.
- ئائىلىڭىز؟
- ئائىلە دېگىدەك ئائىلەممۇ يوق.
ئون يىل بۇرۇن تىجارەت بىلەن،
چىقىپ كەتكەنچە،
قايتىپ كەلمىدى.
ماڭا ئەر ئاتالغان ئۇ دىلى بۇزۇق.
بۇرۇن بىر قازاق قىزغا ئۆيلەنگەن ئىكەن.
شۇئان ئۆزبەك ئايال بىلەنمىش.
كونا ئايالنى تۇل،
ۋە ئىككى بالىنى
يەنە يېتىم قويۇپ.
بىلمەيمەن كۆنى قانداق،
نېمىدۇر ھالى.
بىر ئوغلۇم.
«دادامنى تاپىمەن،
ئۇنىڭ بىلەن ھېسابلىشىمەن»
دەپ چىقىپ كەتكەنتى كۆڭلى بۇزۇلۇپ.
بىر دوستى بىلەن
كانادادا كېتىپ قاپتىمىش،
دادىسى بىلەن ماجرالىق بولۇپ.

يىگىرمە بەش يىل چەككىنىم ۋىجدان ئازابى.
ئايالىنىڭ گۇناھكار كۆزلىرى بىردىن
ئاستا ـ ئاستا يەرگە تىكىلدى.
ئۇ، كۆزلەر گويا،
«مېنى كەچۈر» دېگەندەك
مەسۇم يېلىندى.
ـ ئۇزۇلۇشكە ھېچبىر سەۋەب يوق.
ئۆتكەن كۈنلەر ئۇزاقتا قالدى.
ئۇ زامانلار،
مىللىتىم ئىچىدىن كىم بولسا بولسۇن،
قۇتقۇزالىسا، ملا،
مەن ئۇچۇن،
پۈتمەس ـ تۈگىمەس شەرەپ بولاتتى.
كېيىن چۈشەندىم،
بىر ئائىلە ۋە يا بىرنەچچە يىلەننىڭ
ئازابتىن قۇتۇلۇشى قۇتۇلۇش ئەمەس.
بۇ پەقەت،
ئىنسان تۇيغۇسىنى راھەتلىتىدۇ.
بىر مىللەت تامامەن قۇتۇلغاندىلا،
شەخسمۇ قۇتۇلىدۇ،
ئائىلىمۇ،
ھەقىقى قۇتۇلۇش ئاندىن بولىدۇ.

بولۇت كەينىگە ئۆتتۈۋاتىدۇ.
ئاياللارنىڭ مىجەزى شۇنداق،
بەزى يىغلاپ، بەزى كۇلىدۇ.
- مەن بىلىمەن، ئىسمىڭىز دولقۇن.
- كىم دېدى؟
- زامانىدا گېزىتتە شۇنداق يېزىشقانىكەن.
تەكرارلىدىم بۇ ئاتنى،
كۆڭلۇمدە ھەر كۇن.
ھاياجان بىلەن.

تۇغۇلغىنىمدا،
بوگون تۇرمىدىكى ئوغلۇم.
ھېچكىمنىڭ گېپىگە كىرمەستىن.
ئىسمىنى دولقۇن قويدۇم.
دولقۇن بېشىنى كۆتۈرۈپ،
تۇنجى قېتىم،
ئاياللىنىڭ يۈزىگە تىكىلىپ باقتى.
ئاياللىنىڭ شەپقەت كۇلكىسى،
يۈرىكىدە غۇرۇر تۇيغۇسى،
ۋە تومۇرلىرىدا ھاياجان ئاقتى.
- ئەمما، يىگىرمە بەش يىل،
تۇرمە جازاسى.
مەن سىرتتا قالدىم - يۇ ئەما،

تۇيغۇ، شەپقەت چەكلەنگەن يەر بۇ،
ئەمما، باقساڭ كۆرىسەن،
يۈرەكتىن - يۈرەككە تۇيغۇلار ئاقار.
- ئوغلۇم، ئوغلۇم ئاھ، جېنىم بالام!
تەكرارلىنار پەقەت شۇ سۆزلەر،
ئېيتالمايدۇ باشقىنى باھار.
ئانا ئوغلىنى،
ۋۇجۇدىنىڭ بىر پارچىسىنى،
بىر قېتىملا قۇچاقلاۋالسا،
ئۆزىگە تونۇش بولغان،
ئۇنىڭ ئىپار ھىدىنى،
پەقەت بىر نەپەس پۇراپلا ئالسا...
قورال تۇتقان تاش ۋۇجۇدلارنىڭ،
يۈرىكىگە جانابى ئاللاھ،
تېرىقچىلىك ئىنساپنى سالسا.
مۇمكىنمۇ ئەجەب،
ياكى ھەممىسى،
قالسىدى بۇتلاردەك ئايلىنىپ تاشقا.
بۇ ھەممىسى ئانا تۇيغۇسى،
ئەمما، ھەقىقەت تامامەن باشقا.
- بىز سەن بىلەن غورۇرلىنىمىز.
دولقۇنىنىڭ سۆزى.

بۇنداق يالقۇنلۇق نۇتۇقتەك گەپنى،
ئۆمرىدە ھېچكىمدىن تۇيمىغانىدى.
ئۇ، دولقۇنغا تويماي باقىدۇ.
ئەمما، دەرد بىلەن تولغان قەلبىنى،
ھەرىدەكلا ئازاب چاقىدۇ.
- دولقۇن!
- ....؟
- سىز سورىمىدىڭىز.
سورىمىسىڭىزمۇ دېگۈم كېلىدۇ.
مېنىڭ ئىسمىم باھار بولىدۇ.

* *

بۇ يۇرتنىڭغۇ ئۆزى تۇرمىدەك،
ئەمما، تۇرمە ئىچىدە يەنە تۇرمە بار.
ليۇداۋاننىڭ تۇرمىسى داڭلىق،
شەپقەت بىلمەس ساقچىلىرى بار.
كۆرۈش ئۈچۈن يۈرەك پارچىسى،
جان - جىگىرىنى،
ئۆچرەتتە ساقلايدۇ باھار.
يېنىدا تېخى،
تۇرمىدە پىشقان دولقۇن بىللە بار.
ئانا - بالا،
بىر - بىرىگە ئۇزاقتىن تەلپۈنۈپ باقار.

*             *

ئاخشام شامىلى،
يىپەكتەك يۇمشاق ـ ئىللىق ئىسىدۇ.
توختاتمايدۇ ياشلىق تۇيغۇسى،
كۆل بويىدا،
قىز ـ يىگىتلەر جۈپ ـ جۈپ كىزىدۇ.
بەزىلىرى ئولتۇرۇپ پىچىرلىشىدۇ.
بۇ يەرنىڭ
خەنزۇچە ئىسمى سەندۇگبى،
ئۇيغۇرچىسىنى سورىغانمۇ يوق.
بۇ كۆل،
بۇ ياش تاغلىق شەھەرنىڭ،
بىردىنبىر كۆلى ھېسابلىنىدۇ.
كۆل سۈيىدە،
خۇددى ئاسماندىكى ئاينىڭ ئەكسىدەك،
ساناقسىز ياشلارنىڭ سىرى ياتىدۇ.
خىلۋەت بىر جايدا،
دولقۇن ۋە باھار،
يانمۇ ـ يان ئولتۇرىدۇ.
ھەر ئىككىسى كۆلگە باقىدۇ.
باھار قولىنى ئاستا ئۇزۇتۇپ،

تەمترەتتى ئوغۇلنى باشتا.
بۇ كىم، دېگەندەك،
ئانىغا قىلدى قول ئىشارىتى،
- داداڭنىڭ دوستى.
ئوغۇل ئىشەنمىدى بىرلا قاراشتا.
- مېنىڭ ئىسمىمۇ دولقۇن.
توغرىسى مەن سېنىڭ دوستۇڭ.
پەرقىمىز بولسىمۇ ياشتا.
ئوغۇل ئىللىق تەبەسسۇم قىلدى.
گويا تەبەسسۇم قىلدى پۈتۈن يۇرت،
قىلدى تەبەسسۇم خانتەڭرى باشتا.
دولقۇن بىلىدۇ،
مەھبۇس تەبەسسۇمنى قانداق ئوقۇشنى؛
«بارلىق زۇلۇمنى،
توپلاپ تىقىمىز بۇ تۈرمىلەرگە،
قۇتۇلۇشنىڭ باشقا يولى يوق،
بۇنىڭدىن باشقا».
- ۋاقىت توشتى.
كېتىڭلار! دېدى.
ۋە باشلىدى ئىتلار قاۋاشقا.

باھار كۆتۈردى بېشىنى
ۋە دولقۇنغا ئەنسىز قارىدى.
- ھازىر قەيەردە؟
- گېرمانىيىدە.
مەن تۈرمىدە ئىكەن،
ئۇ ئۆيلەنگەنىكەن.
كېيىنكى چاغلار،
ئىرى بىر ئوغۇل بىلەن تاشلاپ كېتىپتۇ.
يەنە كېلىپ،
ئۇنىڭ يېقىن بىر قىز دوستى بىلەن،
ھايات قۇرۇپتۇ.
بۇ يەرلەردە،
ياشاش پىكرىدىن ۋاز كەچتى بەلكىم،
باشتا تۈركىيىگە چىقىپ كېتىپتۇ.
كېيىن گېرمانىيىگە ئۆتۈپ كېتىپتۇ.
- ئوغلىچۇ؟
- مېنىڭ يېنىمدا.
مەن بىللە تۇرۇۋاتىدۇ.
- ...؟
ئۇنىڭ دادىسى،
خىزمەت بىلەن بېيجىڭگە كۆچۈپ كېتىپتۇ.
بەلكى سىغمىدى ئۆگەي ئالدىدا،

سىلىدى دولقۇنىنىڭ بارماقلىرىنى،
قولدىن قولغا توك ئۆتۈشىدۇ.
ئېلېكتىر ئېقىمى،
يۈرەكلەرگە يېتىپ بارىدۇ.
ئۇلار ياشلارغا ئوخشاش،
قاھ - قاھلىشىپ كۈلۈشمەيدۇ.
يا ئىشتىھا بىلەن سۆيۈشمەيدۇ.
ئەمما يۈرەكلەر،
بارغانسېرى تېز - تېز سوقىدۇ.
باھار ئاستاغىنە،
دولقۇنىنىڭ مۆرىسىگە قويدى بېشىنى،
ئاق كىرگەن چاچلار،
بىر - بىرىگە تىگىپ تۇرىدۇ.
باھار،
تۇرۇپ - تۇرۇپ ئۇھ تارتىدۇ.
بەلكى كەچمىشتىكى پۇغانلىرى ئارتىدۇ.
ئۇ، غەمكىن سورايدۇ.
- ئىنىستىتۇتتا،
يۈرۈۋاتقان قىزىڭىز يوقمىدى؟
خىياللاردىن ئويغاندى دولقۇن،
ئەمما، كۆزلىرى كۆلگە باقىدۇ.
- بار ئىدى.

باھار، دولقۇنىنىڭ مۆرىسىگە
تەكرار قويدى بېشىنى،
بىلمەيدۇ بىر نېمىلەر،
ئىچ - ئىچىنى تاتىلاۋاتىدۇ.
ئايال كىشى ئاجىز كېلىدۇ.
چارىسىز قالغاندا يىغلاپ كېتىدۇ.
ئۇنىڭ،
توگىمەس بۇلاقتەك ئىككى كۆزىدىن،
ياشلار بۇلدۇقلاپ ئېقىۋاتىدۇ.
- سىز...
سىز توغۇلغانمۇ،
پەقەتلا باشقىلارغا ياخشىلىق ئۈچۈن،
نېمىدېگەن بەختسىز خەق بىز.
- توغرا دەيسىز،
بەختىمىز تارىم دەرياسىدەك قۇرۇۋاتىدۇ.
دولقۇن چىقاردى قول ياغلىقىنى،
باھارنىڭ ياشلىرىنى سۈرتىۋاتىدۇ.
باھار تۇتتى ئۇنىڭ قولىنى،
ئۇ مۇبارەك قولىنى،
سىيلاپ - سىيلاپ سۆيۈۋاتىدۇ.
نېمە بولدى بىلمەيدۇ دولقۇن،

بالا ئۈرۈمچىگە قايتىپ كېلىپتۇ.
كونا بىر دوستۇم،
مېنىڭ يېنىمغا ئەكەلدى ئۇنى،
ھەقىقەتەن،
ئانىسىغا ئوخشاۋاتىدۇ.
دولقۇن،
بىر ئۇلۇغ ـ كىچىك تىنىپ تاشلىدى.
بەلكىم ئاچچىق خاتىرەلەر،
قەلبىنىڭ بىر يەرلىرىدە،
كونا يارىلارنى تاتىلاۋاتىدۇ.
ـ سىزنى بىلەمدۇ؟
ـ ياق، مېنىڭ ئەسلى كىملىكىمنى،
ھازىرغىچە بىلمەيۋاتىدۇ.
شاگىرت قىلىپ ئالدىم يېنىمغا،
ئەمما، ھەر زامان،
ئاتىلىق ۋىجدانىم سىزلاۋاتىدۇ.
ئۇ، كۈندۈزى ماڭا ھەمرا،
كېچىلىرى مېنىڭ ئۆيۈمدە قېلىۋاتىدۇ.
مېنىڭ كەسپىم فىزىكا بولغاچ،
كىچىك بولسىمۇ،
بىر رېمونت دۇكىنىم بار.
كۈندىلىك تۇرمۇشۇمنى قامداۋاتىدۇ.

بۇ جاپاكەش مىللەت،
بۇ سەۋىرچان خەلق،
باشقىلار يېگەن مانتىنىڭ پۇلىنى ئۆتەۋاتىدۇ.
يوقسۇللۇقنىڭ ئازابى ئازدەك،
ۋەيلۇن دوزاخنى،
ئۆز ۋەتىنىدە كۆرۈۋاتىدۇ.
پۈتۈن بۇ زۇلۇملارنى،
توختىتىش ئۈچۈن،
مەن ياشاۋاتىمەن،
بىز ياشاۋاتىمىز.
ئۆلگەنلەر بۇنىڭ ئۈچۈن ئۆلىۋاتىدۇ.
تۆمۈر ئەمەس بىزنىڭ جېنىمىز،
ياكى سۇ ئەمەس ئاققان قېنىمىز.
خەلقنىڭ سەبرى تۈگەۋاتىدۇ.
باھار،
دولقۇنغا تويماي بېقىۋاتىدۇ.
ئۇنىڭ نەزىرىدە،
دولقۇننىڭ ئوبرازى
قۇياش بولۇپ ئۆرلەۋاتىدۇ.
- مەن سىزگە بىر سۆزنى دەيمەن.
بىراق،
رەت قىلىسىڭىز ماقۇل دېمەيمەن.

ئۇنىڭ يۈرىكى،
ھېچ كۆرۈلمىگەن بىر ھاياجان بىلەن سوقۇۋاتىدۇ.
- ۋەتەنىنىڭ كۆز يېشى قۇرىماي تۇرۇپ،
قۇرۇمايدۇ خەلق كۆز يېشى.
بەختسىزلىك داۋام قىلىدۇ.
مانا بېقىڭ!
سىز بەختسىز،
مەن بەختسىز.
سىزنى تاشلاپ كەتكەن ئەر بەختسىز،
مېنى تاشلاپ كەتكەن ئۇ قىز بەختسىز.
باللار بەختسىز...
بەختسىزلىك سۈرۈۋاتىدۇ.
سىزگە ئوخشاش مىليونلاپ ئانا،
ئوغلىڭىزدەك يۈزمىڭلاپ مەھبۇس،
كوچىلاردا مىليونلاپ ئىشسىز،
ئاتا - ئانىسىز ساناقسىز بالا،
بۇلارنى كىم ئويلاۋاتىدۇ؟
ۋەتەننى تارتقۇزۇپ قويۇشنىڭ بەدىلىنى،
خەلقىمىز ھېسابسىز ئۆتەۋاتىدۇ.
ھەر كۈنى،
تېخى تۇغۇلمىغان،
مىڭلارچە بالا ئۆلىۋاتىدۇ.

تۈنجى قېتىم،
بىر چىشى جىنىسنىڭ
لەۋلىرىگە تېگىۋاتىدۇ.
بىر پەس بولسىمۇ،
ئۇنتۇلدى غەملەر،
ئۇنتۇلدى دۇنيا،
شاماللار ھەرىكەتتىن توختاۋاتىدۇ.
ئاي ۋە يۇلتۇزلار،
جىمجىت ئۇلارغا بېقىۋاتىدۇ.
پەقەت،
ئىككىلا يۈرەك.
بىر - بىرىنىڭ گۈپۈلدىشىنى ئاڭلاۋاتىدۇ...
*
ئەتراپ جىمجىت،
كۆل بويىدىن كىشىلەر تارقاۋاتىدۇ.
ئاي يولىغا يۈرۈۋاتىدۇ.
كېچە بولسا،
تەڭ يېرىمدىن ئېشىۋاتىدۇ.
چارچىغان باھار.
دولقۇنىنىڭ قۇچىغىدا،
بەش مىنۇت كۆزۈمنى يۇماي، دېدى - يۇ،
ئەمما،

- مەسىلەن؟
- كۆندۈزلىرى ئۆيىڭىزگە بارىمەن،
كىرلىرىڭىزنى يۇيىمەن.
تامىقىڭىزنى ئېتىمەن،
هاياتىڭىزغا هەسسەم بولىدۇ.
ئەڭ مۇهىمى،
مېنىڭ جاراھەتلىك يۈرىكىمگە مەلهەم بولىدۇ.
دولقۇن جاۋاب بەرمىدى ئەمما،
ئۇنىڭ قوللىرى،
باهارنىڭ
يىللاردىن بېرى ئەر قولى كۆرمىگەن
چاچلىرىنى سىيلاۋاتىدۇ.
باهار تەلمۈرۈپ،
ئىستەك بىلەن
دولقۇنغا بېقىۋاتىدۇ.
كۆكتىكى يۇلتۇزلارنى قىزغاندۇرۇپ،
كۆزلەردە تەبەسسۇم يېنىۋاتىدۇ.
لەۋلەر، لەۋلەرگە قاراپ،
ئىلگىرىلەپ كېلىۋاتىدۇ.
ئاھ، بۇلۇت كەينىگە يوشۇرۇندى ئاي،
دولقۇننىڭ هاياتىدا،
ئۇنىڭ لەۋلىرى،

ئۇنىڭغا چۇشەنچە بېرىۋاتىدۇ.
ھە، تونىدى،
بۇ ئاۋاز،
دولقۇنىنىڭ ئاۋازىغا ئوخشاۋاتىدۇ.
بىرىنچى سەپتە
كېلىۋاتقان قوماندانلار؛
ئالپەر تۇنگا،
ئوغۇزخان،
چىچى،
ئاتىللا،
بىلگە قاغان...
ئۇلار ئىسلامدىن ئىلگىرىكى ئاتىلىرىمىز،
سىزلەرگە سالام بېرىۋاتىدۇ.
سەپلەر،
سەپلەر ئۆتۈۋاتىدۇ.
ھە، باھار تونىدى ئەمدى بۇ يەرنى،
بۇ، ئۇرۇمچىنىڭ كوچىلىرى ئىمىش،
كوچىنىڭ ئىككى چېتىدە خەلق ئېقىنى،
چاۋاك چېلىپ قۇتلاۋاتىدۇ.
ئەمدى كەلدى باشقا بىر قوشۇن،
پادىشالىرى،
قوماندان ۋە ئالىملىرى،

بىر تاتلىق مىشىلداپ ئۇخلاۋاتىدۇ.
دولقۇننىڭ كۆزلىرى،
ئۇزاقتىكى يۇلتۇزلاردا.
ئەمما قوللىرى،
باھارنىڭ چاچلىرىنى
يۇمشاققىنە سىيلاۋاتىدۇ.
باھار ئۇخلاۋاتىدۇ.
ھاياتىدا كۆرمىگەن ئاجايىپ چۈشلەرنى،
خۇددى ئويغىدىكىدەك كۆرۈۋاتىدۇ؛
پاختىدەك بۇلۇتلار پاياندازئىمىش،
باشلىرىدا تۇمۇر ساۋۇت،
كۆكسىلىرىدە تۇمۇر دۇبۇلغا،
قوللىرىدا قىلىچ،
ئاتلىق قوماندانلار كېلىۋاتىدۇ.
ئارقىسىدا،
نەيزىلىك ئەسكەرلىرى،
ھۇدۇتسىز ئۇزاقلارغىچە كۆرۈنۈۋاتىدۇ.
باھار ئۆمرىدە،
ھېچ كۆرمىگەن،
سەلتەنەتلىك مەنزىلەر بۇ،
ئۇنىڭ ئەقلى ھەيران قېلىۋاتىدۇ.
غايىپتىن بىر ئاۋاز،

پۈتۈن تۈرك دۇنياسىنى،
بىر بايراق ئاستىغا توپلىغان تۆمۈر،
پادىشالار پادىشاھى يۈرتقا شەرەپ بېرىۋاتىدۇ.
ئۇنىڭ يېنىدا ئەلشىر ناۋايى...
..................
شەھەر كوچىلىرى،
بايرام پەيزىگە چۆمۈۋاتىدۇ.
ئەنە بۇ كەلگەن،
ئابدۇرەشىت خاندۇر.
مەپە ئىچىدىكى،
ئالتۇن تاج كەيگەن ئۇ ساھىبجامال،
كىم بولغۇيتتى ئۇ؟
يېنىدا قالۇن،
قولىدا ساتار تۇرۇۋاتىدۇ.
ئە، ئۇنى تونىدىم،
ئۇ ئامانىساخان.
قەيەردىندۇر،
مۇقاملار ساداسى ئۆرلەۋاتىدۇ.
كۆكتە بىر ئاي ئۈزۈۋاتىدۇ.
ئاي ئەمەس بىر قىز،
يۈزى زەپىرەڭ،
ئۇ، بىزنىڭ ئىپپەت ۋە شەرىپىمىز

سەلتەنەتلىك مەپە ئۈستىدە،
زەپەر مارشلىرى بىلەن كېلىۋاتىدۇ.
يەتتە قىتئەگە،
مەدەنىيەتتىن خەۋەر بېرىۋاتىدۇ.
سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان،
بىر يېنىدا مەھمۇد كاشغەرى،
بىر يېنىدا يۈسۈپ خاس ھاجىپ.
ئەجەب ئىشقۇ بۇ،
«دىۋانۇ لۇغاتىتتۈرك»
ۋە «قۇتادغۇبىلىگ»
كۆزنى قاماشتۇرۇپ،
قۇياشلاردەك نۇر چېچىپ تۇرۇۋاتىدۇ.
ئەنە ئۇ، ئىبنى سىنا،
يېنىدىكى فارابى،
بىيرۇنى،
خوجا ئەھمەت يەسەۋى،
ئۇلارنىڭ قولىدىكى دەستۇرلار،
يەرۇ - ئاسماننى،
رەڭمۇ - رەڭ نۇر بىلەن قاپلاۋاتىدۇ.
ئۇزاقتا بار يەنە بىر قوشۇن،
مىڭلارچە بايراق بىلەن كېلىۋاتىدۇ.
يېقىنلاپ كەلدى ئۇلار،

ئەنە سابىت داموللام،
ئەيسا يۈسۈپ ئالپتېكىنمۇ بار،
نېمىشقىدۇر،
بىر - بىرىنىڭ يۈزىگە بەك باقمايدۇ ئۇلار،
ئەينى يولدا كېلىۋاتىدۇ.
بىر ياش يىگىت كۆرۈندى يالغۇز،
بۇرۇتلىرى خەت تارتقان يېڭى.
ھە، تونىدىم،
يالقۇنتاغلىق يالقۇنلۇق يىگىت
ئابدۇخالىق ئۇيغۇر ئۇ ئۆزى.
ۋاك - چۈكلاردىن خالى دىققىتى،
چوڭقۇر خىيال سۈرۈۋاتىدۇ.
ئەنە ئېلىخان تۆرەم،
يولدا كەلگەچ،
ئەسكەرلەرگە نۇتۇق سۆزلەۋاتىدۇ.
چاۋاكلار بىردىنلا يۈكسەلدى ئەجەب،
بىرى كۈلۈپ قاراۋاتىدۇ.
ئەخمەتجان قاسىمى ئۇ،
خەلققە سالام بېرىۋاتىدۇ.
ئۇنىڭ ئارقىسىدىن،
ئوسمان باتۇر،
غەنى باتۇر.

ئىپارخان.
غەمكىن خىيال سۈرۈۋاتىدۇ.
چاڭ - توزاڭ ئىچىدە كەلگەنلەر،
باشتىكى ياقۇببەگ - بەد دۆلەت،
ۋە ئۇنىڭ جەڭگىۋار قوماندانلىرى.
ئۇلارنىڭ ئاتلىرى تەرلەپ كېتىپتۇ.
چۈنكى ئۇلار،
ئۇرۇشتىن يېڭى چىقىۋاتىدۇ.
گويا كىپەنلىكتەك،
ئاپئاق كىيىم ئىچىدە،
قولىدا قىلىچ كېلىۋاتىدۇ.
بۇ قىز كىم ئەجەب؟
ئۇ ئىلى ۋادىسىنىڭ پەرىشتىسى نۇزۇگۇم.
خەلق ئالقىشى،
خەلق سۆيگۈسى،
ئۇنى شامالدەك يۇمشاق ئۆپۈۋاتىدۇ.
قالپاقنى قىرلاپ كىيىشىدىن.
ئات ئۈستىدە مەغرۇر بېقىشىدىن،
بىر قاراشتىلا،
ئۇنىڭ سادىر پەلۋان ئىكەنلىكى بىلىنىۋاتىدۇ.
ئەنە خوجىنىياز هاجىم،
ئەنە مۇهەممەد ئىمىن بۇغرا،

ياق،
تۇگەيدىغان يۇرۇش ئەمەس بۇ،
يەنە داۋام قىلىۋاتىدۇ.
ئابدۇلھەمىد داموللام،
مۇھەممەد ئىمىن بۇغراغا يېتىشىش ئۇچۇن،
ئالدىراۋاتىدۇ.
ئاخۇنۇپ،
يېنىدا قەھرىمان مىجىت.
ئەنە زەيدىن يۇسۇپ...
ئۇلار تىللاردا داستان بولغۇدەك
قەھرىمانلىق بېرىۋاتىدۇ.
ئەنە ئابدۇخېلىل،
چاپچال تۇرمىسىدىن چىقىپ كېلىۋاتىدۇ.
يەر - كۆكنى تىترىتىپ تانكىلار سېپى
ئۇزاقتىن يېقىنلاپ كېلىۋاتىدۇ.
تانكا ئۇستىدە،
ھەسەن مەخسۇم كۆرۈندى ئەنە،
ھارغىن ئەمما خەلقنى كۆرۈپ
كۆزىدە تەبەسسۇم ئويناۋاتىدۇ.
تېخى تۇگۇمىدى...
دولقۇن ئۆزى كۆرۈندى بۇلۇت ئىچىدە،
ئۆز ئوغلىمۇ بار.

گېنرال دەللقان.
ئۇتتۇرىدا،
باش قوماندان ئىسھاق بىك ئەنە،
ھەقىقى قىرىنداشقا خاس
يانمۇ - يان قول تۇتۇشۇپ كېلىۋاتىدۇ.
لۇتپۇللا مۇتەللىپ.
شېئىر دىكلىماتسىيە قىلىۋاتىدۇ.
ئۇنىڭ شېئىرلىرى،
كۆكلەرگە
ھەسەن - ھۈسەندەك يېزىلىۋاتىدۇ.
ئۇنىڭ ھاياتى،
يىللارغا جاۋاب بېرىۋاتىدۇ.
ئۇ، ئارىدا كۆرۈندى ئەنە،
تۇنجى ئەسكەر ھەمشىرە رىزۋان گۈلمىز،
جەڭنەتكە كەتكەن ھۆرلەر شۇنداق بولامدۇ،
ئۇنىڭ گۈزەل ۋە مۇبارەك يۈزى،
تولۇن ئايدەك پارلاۋاتىدۇ.
خەلق ئىچىدە،
گۈلدۈراس ئالقىشلار ياڭراۋاتىدۇ.
قوشۇنلار بولسا،
بارغانسېرى ئازلاۋاتىدۇ.
تۈگىدىمۇ نېمە؟

باھارنىڭ قوللىرى،
ھاياجان بىلەن،
دولقۇننىڭ بىلىنى چىڭ سىقىۋاتىدۇ.
ئاي يورۇقىدا،
ئۈمىدۋار كۆزلەر،
بىر - بىرىگە قانماي قاراۋاتىدۇ.
قەيەردىندۇر،
ۋاقىتتىن بۇرۇن
ئويغانغان خورازلار چىللاۋاتىدۇ.
ئىككى كۆلەڭگە،
كېچە جىمجىتلىقىدا،
كۆل بويىدىن،
ئاستا - ئاستا ئۈزاۋاتىدۇ.

ئارقىسىدا ساناقسىز ئىنسان.
ئۇلار گوياكى،
ئىنساندىن سەل بولۇپ ئېقىۋاتىدۇ.

باھار چۇچۇپ ئاچتى كۆزىنى،
- كۆپمۇ ئۇخلىدىم؟
- ئۇنچىلا ئەمەس.
دولقۇن ئۇنىڭغا كۈلۈپ قاراۋاتىدۇ.
- ئاجايىپ بىر چۈش كۆرۈپتىمەن.
چۈشۈمدە بولسىمۇ،
بەخت ماڭا بىر ئاز خۇشاللىق بېرىۋاتىدۇ.
دولقۇن باھارنىڭ قولىنى سىلاپ،
خىيال بىلەن سۆز باشلاۋاتىدۇ.
ۋەتەننىڭ ھەر يېرىنى،
دۆلەت تېررورى قاپلاۋاتىدۇ.
ئانىلارنىڭ كۆز ياشلىرى پۈتمەۋاتىدۇ.
ھەر كىم بىر پىكىر ئويلاۋاتىدۇ.
ھەركىم بەختنى ئىزدەۋاتىدۇ.
دېمەك، پۈتۈن خەلق،
بەختكە ئېرىشىشنىڭ بەدىلىنى بېرىش ئۈچۈن،
پىلان تۈزەۋاتىدۇ.
كۈچلىرىنى توپلاۋاتىدۇ.

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان چەتئەللەردە (ئوتتۇرا ئاسىيا جۇمھۇرىيەتلىرى خارىج) ئەللىك پارچىدىن ئارتۇق ھەرخىل مەزمۇندىكى ئۇيغۇرچە كىتابلار بېسىپ تارقىتىلدى، بۇ كىتابلارنىڭ بىر قىسمىغا خارىجىي ئەللەردىكى ئۇيغۇر جامائەتچىلىكى ئىچىدە تۈرلۈك ئىنكاسلار بولدى.

بۇيىل 6 - ئايدا ئامېرىكىنىڭ سابىق دۆلەت باشلىقى بىل كلىنتوننىڭ “ئەسلىمىسى” ئون بەش مىليون نۇسخا نەشر قىلىندى ۋە كلىنتون ئون ئىككى مىليون ئامېرىكا دوللىرى (توقسان ئالتە مىليون يۈەندىن ئارتۇق خىتاي پۇلى دېگەن گەپ) قەلەم ھەققى ئالدى.

شەرقىي تۈركىستان مىللىي ئىنقىلابىنىڭ يول باشچىلىرىدىن مەرھۇم مۇھەممەد ئىمىن بۇغرا ۋە ئەيسا ئەپەندىملەرنىڭ بىر بۆلۈك قول يازمىلىرى ۋىجدانلىق بىرەر ئۇيغۇرنىڭ ھىممىتىنى كۈتۈپ ياتماقتا.

دۇنيادىكى پۈتۈن مىللەتلەر ئۆزلىرىنىڭ مىللىي داھىلىرىنىڭ، رەھبەرلىرىنىڭ، ئالىملىرىنىڭ ئەسەرلىرىنى ئىنتايىن قەدىرلەيدۇ ۋە سۆيۈپ ئوقۇيدۇ. ئەمما ئۇيغۇرلارچۇ؟

— نەشرىياتتىن